# قەشقەر ئەدەبىياتى

AltunOq

3

1984

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قەشقەر ئەدەبىياتى

1984 - يىل 3 - سان

14 - يىل نەشرى

( ئومۇمى 56 - سان)

AltunOq

قەشقەر ۋىلايەتلىك
ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

# بۇ ساندا

## نەسرى ئەسەرلەر


كاسىپ ........................ ئەبەيدۇللا ئىبراھىم 30
كۈتۈلمىگەن باغاق ........................ قادىر توختى 39
مېھرىبان ئانا ، سەن مېنىڭ قەلبىمدە ........................ قۇربان ئىمىن 45
مويدوگزىدا ........................ ئابلا ئەخمىدى 90
ئاتا مېھرى ........................ ھاجى ئەخمەت 99
ئىكاھدىن ئاجرىشىش ئالدىدا ........................ ئەركىن ئۇبۇلخەيرى 116
مۇھەببەت ۋە ئەخلاق بابىدىن ........................ يۇسۇپ ھۇسەيىن 118
ئېخ ، سويۇملۇك ھېيتكا مۇنارى ........................ ئەنۋەر ئىسمايىل 120


## شېئىرلار


شەرققە سەپەر ........................ سەمەت دۇگايلى 1
بېيجىڭ تەسىراتلىرى ........................ تەلئەت تۇردى 7
بېيجىڭ ئىلھاملىرى ........................ نۇردۇن مۇسا 10
تۇتاش قەلبلەر ........................ ئابلىمىت ھاجى 13
شېئىرلار ........................ نۇرمۇھەممەت ئىركى 51
جەنۇپ سەپىرىدىن خاتىرىلەر ........................ تۇرغۇن ئالماس 59
قالمىسۇن ........................ ھامۇت مەھمۇدى 60
سالام ، قەشقەر ........................ ئابدۇشۇكۇر مەتتىمىن 70
شېئىرلار ........................ مىرزاھىد كېرىمى 72
شېئىرلار ........................ ئابدىرېھىم ئىسمائىل 76
شېئىرلار ........................ ئوسمانجان ساۋۇت 80
شېئىرلار ........................ مويدىن سايىت ، ئابدۇللا ياقۇپ ، 84
........................ ئەمەتجان قېيۇم ، مەمەترېھىم تۇرسۇن، رازىيە قادىر، دىلبەر ياقۇپ 89
........................ مۇختەر ياقۇپ ، زاھىر ئابدىراخمان ، 104
ياسىن ئىسمايىل، نىياز ئىمىن، مەھەممەت ئىمىن ئەخەت، ھېزىم ناسىر، ئېلھامجان ئابلىز 115


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


كاككۇك بىلەن زەينەپ. ........................ توپلاپ، رەتلىگۈچى : ئۆمەرجان ئوسمانى 122


## چەتئەل ئەدەبىياتىدىن


ماروسە ........................ ئاركادى گايدار ( سوۋېت ئىتتىپاقى) 119

# شەرقتە سەھەر

(سىكىل)

سەمەت دۇگايلى

## تومۇر ئېقىم

بارىمەن شامالدەك شەرقتە قاراپ،
تېگىمدە ئۈزىدۇ كەڭ تومۇر ئېقىم.
ئالدىمدا يېيىلىپ ئاچقان باغرىنى،
ھىساپسىز خوشاللىق تەگلىگەن سىزىم.
مەن قەدەم ئالغاندا ھاياجانلىرىم،
ھەيۋەتلىك سادادىن بولۇندى بىر پەس.
لېكىن شۇ گۈدۈكنىڭ ئەكس ساداسى،
يېڭىچە تۈيغۇنى يۈكلىدى پەۋەس.
چاقىرار پايانسىز شەرق قوينىغا،
ئۇچقاندەك يۈرگەنچە ئۇ قاچار نېرى.

بۇ تومۇر ئېقىمنىڭ شاۋقۇنى بىلەن،
كورۇنمەس ھېچقاچان ئۇنىڭ ئاخىرى.
ھەيۋەتلىك ئەي ئېقىم، سەن پويىز يولى،
سەن مېنىڭ كوزۇمدە ئۇخلىماس دەريا.
كۈندۈزدە قۇياشنىڭ ئامرىغى بولساڭ،
تۈنلەردە يۇلدۇزلار ئاشىق مەھلىيا.
سەن مېنىڭ ئېڭىمدا بىر ئاھەڭرەبا،
تارتىسەن دىللارنى قىلىپ ئۈزاق لال،
باي، مۇنبەت ئۈلكەمنىڭ پۇراقلىرىنى،
توشۇيسەن شەرقتە بولۇپ بىر شامال.

1983 -يىل، 25 - ئوكتەبىر، قۇمۇل.

## شىڭشىڭشىيا

«شىڭشىڭشىيا ئۆزى گوبى، ئىككى تاغنىڭ ئارىسى»

(قۇمۇل خەلق قوشىقى)

ھېلىمۇ ئىككى تاغ ئىككى يېنىمدا،
تۇرۇپتۇ قەددىنى كېرىپ كوككىچە.
بۈگۈن ئۇ ئوخشايدۇ چېكەڭگە ئورناپ،
يارىشىپ ئېچىلغان قىپ - قىزىل غۇنچە.

Altunoq

قانچىلاپ ئەسىرلەر خەلق مۆكىنى،
تىڭشىدىڭ، تىڭشىدىڭ يىرىلىپ چاك - چاك.
شۇ سەۋەپ ھىساپسىز يولاۋچىلارنىڭ،
جەسىدى ئاقىرىپ بولدى تۇپراق - خاك.
ئەندى ئۇ تاغلارغا ئورناپتۇ مەھكەم،
كۈندۈزى قوياش ۋە تۈنلىرى يۇلدۇز.
بىلمەيمەس بۇ يەردە پەسىل ۋە ۋاقىت،
ھەممىشە باھار ، ياز، ھەممىشە كۈندۈز.
موكىدەك ئۆتمەسەر قوينىڭدا ۋاگون،
ئۇ ئەندى ئەمەس ھېچ مۆكىلىنار كارۋان.
يۈك ئەمەس يۈكلىگەن ئۇزىگە پەۋەس،
ئۇنىڭدىن بىلىنەر يېڭى بىر دەۋران.
شاماللار يالىماس جەسەت، ئۇستىخان،
ئۇ چىلىپ ئۆتىدۇ بەخت كۈيىنى.
شۇ كۈيگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ يىراق،
تېلىقىقان پاراۋۇز سادىسى ئۈنى.
شىڭشىڭشىيا سەن بۈگۈن دوستلۇق ئۆتكىلى،
شاتلىقنىڭ ئۆتكۈنى كوزۇۈگدە دائىم.
كەتتى ئۇ ئەلەملىك ناخشىنىڭ ۋاختى،
ئەڭ يېڭى ئاھاڭلار ئوزۇۈگدە دائىم.

1982 - يىلى 26 - ئوكتەبىر، لىۋىيۇەن.

# مىلىك ئۆي

(دۇڭخۇاڭنى كورۇپ)

تاملاردا ئەمەس ئۇ ئۇسۇلچى قىزلار،
ئالدىڭغا چىقىدۇ ئىگىلىپ، ئويناپ.
چاقىرار كوكسىگە قولىنى قويۇپ،
چىلىنار بىر ياندىن غىجەك ۋە بەرباپ.
نەفىسلىك، گۈزەللىك ھەممە لەتاپەت،
يىغىلغان بۇ يەرگە ئۈنچىدەك سەنئەت.
قوشۇلۇپ ئوينىغىلى ، كۈيلىگىلى كېلەر،
قەلبىڭدىن قوزغىلۇپ سويۇنچ - مۇھەببەت.
بۇ مىلىك ئۆي ئالدىڭغا پىيىلسا شۇتاپ،
بولىدۇ ئاۋاتلىق قايىنىغان شەھەر.
بىلمەيمەس بۇ يەردە تۇتۇق قارا كۈن ،
بىلمەيمەس كۈندۈز - تۈن، ئاخشام ياسەھەر.
ھەممىشە پارلايدۇ كوزۇۈك ئالدىدا،
شۇ ئوچۇق قۇياشنىڭ نۇرلىرى رۇشەن .
ھەممىشە ئىشچانلار ئېپتىز قوينىدا،
ھەممىشە رەققاسلار ئوينايدۇ لىۋەن.
شۇ شەھەر قوينىدا يۈرىمەن مانا،
قەلبىمدىن ئۇقىدۇ بىھىساپ خىيال.
گويا ئۇ كورۇنمەس قۇدرەتلىك چىبقىن،
ياكى ھېچ توختىمى بولىماس تېز شامال.
ھاياتتا ئىنساننىڭ ئومرى قانچىلىك؟
بىر ئەسىر بىلىنەر موجىزە بولۇپ.
ئۆتىدۇ كىشىلەر ئومۇرنى ئاز، دەپ،
ئەجەلدىن قېچىشىپ ئارمانغا تولۇپ،
ئولۇمنىڭ پەنجىسى تۇتقاندا ياقا،
بىلىنەر قىلىنغان ئىشى بەك تولا.
بىجىرگەن ئىشىمۇ ئاز ھەم كوڭۇلسىز،
ياكى ئۇ قىلىنىغان تولۇقسىز چالا.
بۇ پىكىر تۇيغىنىڭ ئىنكاسى ئەمەس،
ياكى بىر ۋاقىتلىق ھىسسىيات يەكۈن.
مىليونلاپ ئاي - كۈنلەر ئۆتتى ئەشۇنداق،
گويا ئۇ بىر پەسىلىك تۇمان يا تۇتۇن.
لېكىن مەن دۇنخۇاڭنى كورۇپ تۇرىمەن،
پىكىرىمدە تۇغۇلدى ھەيۋەت چايقىلىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تىلسىمات ئەمەس بۇ رىياللىق بىلسەڭ،
ھېچ ئەمەس ماڭا خاس يېڭى پايقىلىش.
دۇنيادا بار يەنە شۇنداق كىشىلەر،
تۇغۇلار بىر قېتىم ئۆلمەس ھېچقاچان.
ياشايدۇ مىڭ يىللار، ياشايدۇ يەنە،
ھاياتى قىسمىتى ئۆسىدۇ ھامان.
بۇ مىڭ ئۆي باھاسى سانىدا ئەمەس،
ھەر ئۆيدە نامايان بىباھا ئەمگەك.
ئۇندىكى كىشىلەر ئورۇنلاشقان تام،
ئەمەس ئۇ بىر سۈرەت، بالقىغان تىلەك.
ئەجدادىم كۆڭلىدە پارلىغان ئارمان،
سۈرەتلەر يۈزىدە كۆرۈنەر ئايان.
ئەسىرلەر ئەۋلاتنى باشلىدى ئالغا،
ئۈزۈلمەي بىر تارىخ كەلمەكتە راۋان.
مەن ئۇندىن كۆرىمەن مىڭ يىلنى ھازىر،
مىڭ ئەمەس بىر يىلمۇ ئۆتمىگەن ھېلى.
كۆرۈنسە شۇ قەدەر نەپىس، گۈزەللىك،
كەمىنىڭمۇ غۇرۇردىن ياپىرىماس دىلى.
بىزدىكى بۇ زامان شۇ قەدەر يېڭى،
ئاڭ - پىكىر ئۇچماقتا مارسقا قاراپ.
لېكىن كىم ئېيتالار يۈزنى ئۆرۈپ،
ئاڭ - پىكىر كەلمىگەن ئەجدادتىن تاراپ...؟

1982 - يىل، 27 - ئۆكتەبىر . دۈنخۇاڭ .

## يەنە بىر يۇرتۇم

چىلەنشەن باغرىدىن، خېشى زۇلاڭدىن، ①
ئۆتتۇمەن، بىر چاغلار بوۋاممۇ ئۆتكەن.
ياپ - يېشىل چىمەنلىك مۇشۇ ۋادىغا،
ئۇلار ساپ تېرىنى يامغۇردەك تۆككەن.
ھېلىمۇ ئاڭلىنار تاغنىڭ باغرىدىن،
مىسالى چوپاننىڭ بالىمان ئۈنى.
چېقنادەك كۆرىنەر پۇرقىراپ كۆككە،
چېدىردا يېقىلغان گۈلخان تۈتۈنى.
ھازىرقى گۈددۈكلەر ئورنىغا ئۇ چاغ،
چېلىنار ئىدى داپ، دۇمباق ۋە بۇرغا.
ھازىرقى پويىزلار كەلگەن شۇ يولدىن،
بوۋاملار ماڭاتتى ئاتلىرى يورغا.
جاكچەنىنى تەۋرىتىپ مۇشۇ كارىدور،
تېخىمۇ غەرپكە ئۇزاتقان قۇتلاپ.
كۇچارلىق سۇجوپنى قوندۇرغان كېچە،
لوياڭلىق يىراقتىن تىڭشىغان بەرباپ.
ھېلىمۇ مەن چىلەنشەن باغرىدا ئەركىن،
كارىدور ئاستىدا يايار پاياندار.
تارىختا ئېيتىلغان "خۇلار نەغمىسى"
ھېلىمۇ جاراڭلار ئاۋالقىدەك ساز.
دىمەيمەن ئۆزۈمنى مۇساپىر، مېھمان،
بۇ مېنىڭ ئەزەلدىن ياشىغان يۇرتۇم.
قىسىلماي، تارتىنماي ئالىمەن نەپەس،
گىلەمدە يۈرگەندەك يەڭگىل قول - پۇتۇم.
ئۆزگەرگەن بۇ يەرلەر - ھازىر ئېكىنزار،
چېدىرلار ئورنىدا قەۋەتلىك بىنا.
گۈلخانلار ئورنىدا چاچىدۇ يالقۇن،
زاۋۇتلار، پېچلارنىڭ گەدىسى مانا.
قوتازلار، ئاتلارنىڭ تۇياق ئىزىغا،
قۇرۇلغان تۆمۈر يول - تاشيوللار تورى.
ئۆزگەرگەن ھەممىسى، ھايات يېڭىچە،
مەشئەللەر ئورنىغا ئېلېكتىر نۇرى.
لېكىن مەن كۆرىمەن، ئەنە ئالدىمدا،
بىر تارىخ ئۆزگەرمەي تۇرار ئۆز پېتى.
ۋەتەن - يۇرت غۇرۇرى يۇيۇلماس ئەبەت،
شۇ سەۋەپ بىباھا ئۇنىڭ قىممىتى.

1982 - يىل، 29 - ئۆكتەبىر، جاگوي.

① خېشى زۇلاڭ - خېشى كارىدورى.

# تاغ ناخشىسى

ئەيتقىن قىزچاق ناخشاڭ ئىكەن يېقىملىق،
تاغدىن چىققان ئەكس سادا قوشۇلدى.
تاڭ سەھەرنىڭ ساپلىقىدا تەبىئەت،
نەپەس ئالماي توختىغاندەك تۇيۇلدى.
گويا شۇدەم تەسىرلىنىپ يۇلتۇزلار،
شەبنەم بولۇپ ئېتىكىڭگە قويۇلدى.

ناخشا گويا تاغ سۈيىدەك جاراڭلىق،
ئەيتقان ئۇنى سەن ئەمەس بىر پەرىزات.
ناخشا بىلەن ئۇچار يىراق - يىراققا،
ناخشا گويا ئۇنىڭ ئۇچۇن جۇپ قانات.
ناخشا بىلەن تارقاپ كېتەر تۇمانلار،
كۆيلەنگىنى تاڭ نۇرىدەك ساپ ھايات.

تىلىسىم ئەمەس ئاڭلىغىنىم بىر ناخشا،
چېچىلىدۇ مىسراسىدىن نۇر ئۇنچە.
ئاڭلىغانچە ئاشار يەنە ئىنتىلىش،
تارتقىنىدەك باھاردىكى گۈل - غۇنچە.
جەلپ قىلغان يۈرەكنى بۇ ناخشىنىڭ -
كۈيى ئىكەن ئەسلى - زاتى ئۇيغۇرچە.

1982 - يىل، 31 - ئوكتەبىر ۋۋۋى.

# ليوجياشيا سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى زىيارەت

»ليو جياشيا سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ يىللىق ئېلېكتىر قۇۋۋىتى مىقدارى كونا جۇڭگونىڭ پۈتۈن يىللىق ئېلېكتىر قۇۋۋىتى مىقدارىغا باراۋەر كېلىدۇ....« (جۇشەندۇرگۇچىنىڭ سوزى)

سان بىلەن ئولچەنسە شۇنداق،
ئەسلىدە
كونا جۇڭگو كورمىگەن زادى چىراق.
جىن چىراقنىڭ نۇرىمۇ پۇخرا ئۇچۇن،
تۇيۇلاتتى كوكتە يۇلتۇزدىن يىراق.
نۇر ئىسمىلىك نەرسە بولسا كۈندۇزى-
باسىدۇ قويۇق تۇمان يېپىپ قۇچاق.
تۈنلىرى ھوۋلار بوران چېچىپ توپا،
بولغۇنۇپ پاتقاقىقا پاتقان ھەممە ياق.
قان چېچىپ ئوتكەن جاھالەت ئىلكىدە،
نۇر دىگەننى كورمىدى خەلق، كورگىنى-
كوزىدىن چاقىقان چېقىن يىسە تاياق.
مانا ئاستىمدا بىتون، ھەيۋەت قاشا،
شاقىراتما يۇزى تە تەسرا، تىرەن.
ئاقىدۇ جەجىت ياۋاش خۇاڭخې ئەنە،
مېھرىبان، گۈزەل كوزىدەك بەك لىۋەن.
ئەمما ئاستى قايىنغان ۋولقان كەبى،
ئۇرۇلار بىتون قاشاغا زەرپ بىلەن.
ھەيۋىتى سۇنغان ئۇنىڭ: بويلاپ ئېچىق،
ئوق مىسال ئۇچار ئۇدۇل پەسلەپ توۋەن.
ئايلىنار قۇيۇنغا ئوخشاش چاقپىلەك،
دەل شۇ چاغدا چىققىنى نۇر - توك ئىكەن.
تاغ ئىدىرلار بىر رىتىمدە سىلكىنىپ،
ئايلىنار مۇزىكىغا شۇنچە بەلەن.
يېڭى دەۋران باشلىدى قۇتلۇق سەپەر،
بۇندا - ليوجياشيادا بولدى ئوزگىرىش.

پارتىيىنىڭ نۇرى بىلەن بۇ ئىدىر،
ياسىدى زور ئىپتىخارلىق بۇرۇلۇش.
ئەشۇ غالىپ نۇر بىلەن بۇ جىلغىدا،
قەد كوتەردى كوز چاقار چوڭ قۇرۇلۇش.
ئەندى گەنسۇ، ئەندى چىگىخەي ئاسمىنى،
زادى سەزمەس كېچىلەردىن قورۇنۇش.
كۈن يورۇق، تۈنمۇ يورۇق بولماس كېچە،
ئەتىۋالىق ھەممىدىن دىللار يورۇش.
بۇ زامانەم كۈچ، كېپەلىل بولغاچ بۇگۈن،
ھەممىدە ئارمان: گۈزەل ئۇلكە قۇرۇش.

1982 – يىل، 2 – ئۇيابىر. گەنسۇ ليوجياشيا.

## خۇاڭخې دەرياسىدا كىمە سەيلىسى

تاغلارنى تاغلارغا، ئىدىرنى پەسكە،
بەلۋاغدەك بىر ئەپلىك چېتىپ كېلىسەن.
مەگزىڭنى سوغ شامال يالايدۇ تىنماي،
جىلۋىلىك تولغۇنۇپ قېچىپ كېلىسەن.
قۇياشنىڭ نۇرىدىن بېتىڭ پاقىراق،
چىمىرلار گوياكى بېھساپ تەڭگە.
سەن شۇندا ئوخشىدىڭ ئاياق تەرەپكە،
كوچۇرۇپ مىڭلىغان يېڭى كىلىنگە.
موتۇرلۇق قېيىقنىڭ گۈرۈلدەشلىرى،
گۇدۇككە قوشۇلۇپ بولىدۇ سۇناي.
بېلىقچى كېمىلەر چېپىشار ھەريان،
كېلىدۇ نەي ئۈنى يىراقتىن تىنماي.
بار يەنە سەپ تارتىپ تاغلار يانمۇ - يان،
ئۇزۇتۇپ قالغاندەك بولار سەپەرگە.
ئورمانلار قۇتلۇقلاپ چالىدۇ چاۋاك،
سەن گويا ئۇيۇلۇپ قارايسەن يەرگە.
ئۈستۈڭدە چىرىلدار بېلىقاغۇچ قۇش،
شۇڭغۇيدۇ توساتتىن توۋەنگە ئوقتەك.
بىلىنمەس چېھرەڭدە زىرىكىش، زارلاش،
ئەگەر بار دىسىمۇ تۈيغۇ تېرىقتەك.
سەن ھەيۋەت، سەن ئۇلۇغ ئەي قەدىم خۇاڭخې،
ئوستەردىڭ مىڭ يىللاپ بۇ كەڭرى يۇرتنى.
كەچۇردۇڭ ئەل بىلەن بىللە ھىساپسىز،
دەرت - ئەلەم كۈلپەتلەر ھەم قاراجۇتنى.
سەن جۇڭخۇا مىللىتى ياشىغان زىمىن،
ھاياتلىق سەن بىلەن بىللە تورەلگەن.
ۋە لېكىن توھپەڭگە مۇناسىپ گۇنا،
مۇساپەڭ قوينىدا بىللە كومۇلگەن.
سەن تېشىپ، كوۋەجەپ ئەژدىھار كەبى،
ۋادىلار باغرىغا ئەۋەتتىڭ ئەجەل.
مۇدۇرۇپ، تىماقلاپ ياشىغان بۇ ئەل،
بەردى ھەر قەدىمى ئۈچۈن زور بەدەل.
سەن بۇگۈن نىمانچە ئۇياتچان، ياۋاش،
نىمانچە مېھرىبان، نەقەدەر گۈزەل؟
سەن ئەلنىڭ بۇيرىغى بويىچە ئېقىپ،
توختايسەن ئەل پەرمان بەرگەن ھەرمەھەل؟
مەن قېيىق ئۈستىدە تۇرىمەن مەزمۇت،
كوزۇمدە سۈيۈزى، مىڭەمدە خىيال.
غۇلاچلاپ، بېلىقتەك ئۈزگۈم كېلىدۇ،
سورايمەن دەريادىن شىۋىرلاپ سوئال.
ھەيۋەتلىك خۇاڭخې قىلىدۇ جىلۋە،
مۇلايىم چايقىلىپ بېرىدۇ جاۋاپ.
تاغلارنى سىيلاپ ئاققان كورۇنۇش،
تۇرغاندەك تۇيۇلار لېۋىنى يالاپ.
خەلقنىڭ ئىلكىگە ئوتتى ئۇ ئاخىر،
سالدى ئەل شاش ئاتقا سالغاندەك ژۇگەن.
مېھنەتنىڭ كۈچىدىن كەلدى زور ھىممەت،
گۈزەللىك تېڭ كەلدى بۇ زامان بىلەن.

ئەندى ئۇ ۋەتەنىنىڭ ئەلچىسى بولغاچ،
بىرىدۇ ۋەتەنگە بايلىق ھەسسىلەپ.

ھازىرقى بەرگىنى ئەلنىڭ ئۈمىدى —
ئالدىدا كورۇنەر دەسلەپكى بىر نەپ.

1982 – يىل، 2 – نويابىر، گەنسۇ لىۋجياشيا.

## بەيتاشەن

باغرى كەڭ چوڭ شەھەر بەيتا تېغىنىڭ،
ئالقىنى ئۈستىدە تۇرار چايقىلىپ.
ھەيۋەتلىك خۇاڭخې ئۇنىڭ پۇتىنى،
قۇچاغلاپ ئاقىدۇ يىرىم ئايلىنىپ.
بۇ شەھەر كورۇنسە چىرايلىق ئۈزۈك،
بەيتاشەن مىسالى چاقنىغان بىر كوز.
تەبىئەت ئاتايىن قوندۇرغىنىدەك،
كورۇنەر ئۈستىدىن يىراق دالا - تۈز.
بەيتاشەن، بەيتاشەن ئەسلىدە ئۆزۈڭ،
ئاسماندىن پەستىرەك قۇرۇلغان شەھەر.
لېكىن سەن بەزىدە ئاسماندىن ئېگىز،
بۇلۇتلار بېلىڭدە لەيلىشىپ ئۈزەر.
سەن گويا تەسەۋۋۇر ئېلىكىدە تىلسىم،
تۇمانلار بىلىنەر نەپەسلىرىڭدەك.
باغرىڭنى قاپلىغان ئارچا قارىغاي،
كورۇنەر ساڭا خاس چېچەكلىرىڭدەك.

چېچەكلەر ئاق بولۇپ كورۇنەمەس بۇندا،
ھەممىسى ھەمىشە توزدىماس يېشىل.
بۇ يەردە تەبىئەت ئەجەپ ئۆزگىچە،
گۈزەللىك يىغىلغان شۇنچىلىك ئېسىل.
تۇتىسەن قوينۇڭغا كەلگەنلەر ئۈچۈن،
ئەجداتلار ئىزىنى ئېلىپ قولۇڭغا.
بىر پەستە ئاسمانغا ئېلىپ چىقىسەن،
ھورمەتلەپ، مىندۇرۇپ شۇئان بوينۇڭغا.
ئۇ يەردە شۇنچىلىك يېقىمچە ھاۋا،
شاماللار توختىماي توشار خۇشپۇراق.
ئۇ يەردە بىلىنەر زىمىن يەنە كەڭ،
چەتلىرى ھەر قانچە بولسىمۇ يىراق.
ئەنە ئۇ خانتەڭرى كورۇندى شۇتاپ،
بەيتاشەن چوققىسى بىلەن بىر تۇتاش.
مەن تۇرۇپ بەيتاشەن ئۈستىدە سەزدىم،
خانتەڭرى ئۈستىدە تۇرغانغا ئوخشاش.

1982 – يىل، 4 – نويابىر، لەنجۇ.

## لەنجۇ قىزى

يىغىلمايتتى بىر سوزۇلسا قوللۇرۇڭ،
جەينىڭمىڭ يا بىغىشىڭ يوق قىز ئىدىڭ
ئەتىدىن كەچ تېنىشىپ كەتمەس بەرگەنگە،
بىلمەس ئىدى ھېچكىم نىچۇن سوۋ بىتىڭ.
تىلەمچىلىك گويا بىللە تۇغۇلغان،
ھەمرىيىڭدەك چاپلىشىپلا تۇراتتى.

سەن ئالاتتىڭ لېكىن تويماس كوزلىرىڭ،
يەنە بىللە ئەگىشىپلا ماڭاتتى.
لېكىن بۈگۈن ئەشۇ قولۇڭ كوكسۈڭدە،
كوزلىرىڭدە يانار كۈلكە ئۇچقۇنى.
ئىككى مەڭزىڭ پىشقان قىزىل ئالمىدەك،
لەۋلىرىڭدىن تاشار شاتلىق كەلكۈنى.

بىر چىرايلىق ئاتايسەن: " ھەي، لەي ئاكاك،
سىز شىنجاڭلىق، مېنى كورۇڭ دوستىڭىز.
مېھمان بولۇڭ، ئىچىڭ مېنىڭ چېيىمنى،
كىرىۋېلىڭ ئۆيۈم سىزنىڭ ئۆيىڭىز ..."

ئۆيلىرىڭنى ئەپچىل بىزەپ، ياساپسەن،
جۇپ قولۇڭدىن گۈل چېكىپسەن تاملارغا.
ھاياتىڭنى مېھنىتىڭدىن بېزەپسەن،
ئوت ياقىسەن مېھرىڭ بىلەن دىللارغا.

1982 - يىل، 4 - نويابىر، لەنجۇ.

# بېيجىڭ تەسىراتلىرى

تەلئەت تۇردى

ھەر كىشىنىڭ كۆڭلىدە بار بىر ئىستىكى - ئارمىنى،
ماڭا نېسىپ بولماي كەلگەن بېيجىڭگە بىر بارغىلى.
بۈگۈن مانا ئادالەتلىك ھور زامانىنىڭ ئىلكىدە،
ئۈمىت شامىم گۈلخان بولۇپ تۇردى راسا يانغىلى.

ئاچتى مانا پايتەختىم شۇنچە ئىللىق قوينىنى،
مەندەك ئاددى پۇقرا بۈگۈن جۇڭنەنخەينىڭ مېھمىنى.
بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بولماس بەخت دېگەن مەن ئۈچۈن،
ئۇنۇتماسمەن ئۆمرۈم بويى كومپارتىيە مېھرىنى.

## تيەنئەنمېندە

تيەنشۈي كۆۋرۈكى ئۈستىدە،
تۇرىمەن زوقلىنىپ بېيجىڭگە.
كىم ئىدىم، كىم بولدۇم ئەمدىمەن؟
قالدىمغۇ ئىشەنمەي ئۆزۈمگە.

ئۈستۈمدە تيەنئەنمېن راۋىقى،
ئالدىمدا ھەيۋەتلىك مۇنار.
ماۋ جۇشى چىقارغان قىزىل يۇلتۇز،
نۇر چېچىپ تۇرماقتا يۈزۈمگە.

قارىسام داخۇيتاڭ تەرەپكە،
تۈۋرۈكلەر توتاشقان پەلەككە.
جىمىكى سەلتەنەت گۈزەللىك،
شۇ يەردە كۆرۈندى كۆزۈمگە.

ئون يىللار ئالدىدا خەس ئىدىم،
ئادەملىك قەدرى يوق پەس ئىدىم.
ئوخشايتتى مەڭزىمدىن ئاققان ياش،
خۇددى بىر پىشمىغان ئۈزۈمگە.

نەلەرگە قاچۇرۇپ دەردىمنى،
ھور زامان ياشارتتى قەلبىمنى.
«ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» ئەمەلدە،
ئاپىرىن بۇ ئادىل تۈزۈمگە.

چاچقاچقا پارتىيەم مېھرىنى،
قىزىل نۇر قاپلىدى چېھرىنى.
بارلىغىم سەن ئۈچۈن ئەي ئۇلۇق —
پارتىيەم ئىشەنگىن سۆزۈمگە.

## چەنمىن بازىرىدا

نىمانچە كوپ، چىرايلىق، چەنمىندىكى دۇكانلار،
نەمانچە ئۈز، مۇلايىم، پىركازچىك قىز، چوكانلار.
ئىزدەپ شىپىلىك دۇخاۋا كىرگەن ئىدۇق بىر قېتىم،
ئۇ، كورسۇتۇپ ھارمىدى «ئاداشى» دەپ مىڭ قېتىم.
بىز دىگەن بۇ ئەمەس دەپ تۇرىۋالدۇق زېرىكمەي،
ۋەدە قىلدى ئەتە دەپ، كۈلۈپ تۇرۇپ تىرىكمەي.
بارغان ئىدۇق ئەتىسى، راست بوپ چىقتى ۋەدىسى،
باشلاپ كىرىپ ئامبارغا «تاللاڭ!» دىدى قايسىسى.
تاللىۋالدۇق ياقتۇرۇپ ئەرزىنىدىن، خىلىدىن،
ئىزھار قىلدى ئۇ بىزگە چىن دوستلۇقنى دىلىدىن.
كېلىپ تۇردۇق ھەر كۈنى كەتتۇق راسا تونۇشۇپ،
چۈشتۇق ھەتتا رەسىمگە قولنى — قولغا تۇتۇشۇپ.

## چاڭئەن كوچىسىدا

كەڭرى چاڭئەن كوچىسىدا سەيلى قىپ يۈرمەكتىمەن،
چەكسىز ئادەم دېڭىزىدا شوخلۇنۇپ ئۈزمەكتىمەن.
كوزلىرىمنىڭ ئاچچىغى چىقتى بۈگۈن بايرام قىلىپ،
خوشلۇغۇم پاتماي ئىچىمگە زوخلۇنۇپ كۈلمەكتىمەن.

ئىككى ياق كوككە تۇتاشقان كوپ قەۋەت ئۆيلەر بىلەن،
پۈركىنىپتۇ ھەر تەرەپ ئەڭ ئېسىل گۈللەر بىلەن.
يەرمۇ گۈل، ئاسمانمۇ گۈل، ئەترە پۇرايدۇ ھەممە ياق،
چارە باغدا خۇددىمەن، گۈل پەيزىنى سۈرمەكتىمەن.

بۇ چىرايلىق كوچىدا يوق قىلچە قەغەز پارچىسى،
تاتىنىپ كەلمەيدىكەن ھەتتاكى دەسسەپ ماڭغىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خۇددى جانان چىنىدەك تۇرماقتا يوللار پاقىراپ ،
مەن رىۋايەتلەردىكى جەننەتلىـنى كورمەكتىمەن .

تۇرغىنىمدا ھىس ـ ھاياجانغا پۇتۇنلەي چۇمۇلۇپ ،
نەچچە رەت كەلدى ماشىنا يول سۇپۇرۇپ ـ سۇمۇرۇپ .
ئەتىدىن تاكەچكىچە ئادەت ئىكەن بۇ مەشغۇلات ،
مەن بۇ ھالنى يۇرۇگۇم تەكچىسىگە تىزماقتىمەن.

ئەڭ نومۇسلۇق ئىش ئىكەن كىم قويسا يولغا تۇكۇرۇپ ،
ھەتتا بىڭگۇر قەغىزنى يۇرۇيدىكەن كوتۇرۇپ .
مىڭ كوزۇم بولسا ، كورۇپ ئالسام بۇ يەرنى قانغىدەك ،
دەپ سوئال تاشلاپ ئوزۇمگە مەن خىتاپ قىلماقتىمەن .

كۇن ئوتۇپ ئايلار ئوتۇپ قايتىش چېغى كەلدى يېتىپ ،
قايتىشىمغا قىيىمدى كوز ئەسلىدىم ئوگدا يېتىپ .
قارشى ئالغىن قەشقىرىم ئۇلۇغ بېيجىڭدىن مەن ساڭا ،
چىن گۇزەللىك بابىدىن سوغات ئېلىپ كەلمەكچىمەن.

## ئىخ، سەيلىگاھ!

ئىخ سەيلىگاھ باغ دەيمۇ سىنى ،
پايتەختىنىڭ بىر گۇلى دەيمۇ .
جىمى باغ ، بارچە گۇللەرنىڭ ،
جاھان ئىچرە سەر خىلى دەيمۇ؟

قوينۇڭدىكى ھەر بىر كىيانى ،
ھەشەمـەتلىك راۋاق ، بىنانى .
ئېقىل ئىدرەك قامۇسلىرىنىڭ ،
چاقناپ تۇرغان ۋارىقى دەيمۇ؟

پادىشاھلار ئالتۇن تەختىدە ،
ئۇنچە ـ مارجان كوۋۇش تەخىدە .

سەن ساقلىغان كارامەتلەرنى
ئىلىمىزنىڭ تارىخى دەيمۇ؟

خەلق قولىدا ساداق ـ سۇفەرلەر ،
ھاياتتەكلا تۇرغان نوۋكەرلەر .
بۇ مۇجەسسەم كورۇنۇشلەرنى ،
ۋەتەن سويۇش قىسسى دەيمۇ؟

سۇلئى تېغىلىڭ ئۇستىدە يايراپ ،
دېڭىز سۇھبەت كولۇگدە ئوينىاپ .
ھېچ قانىمدىم يې خىيۇەن سىنى ،
باغلار شاھي ـ تاجىسي دەيمۇ؟

## شاگسەنگە مەدھىيە

نىمە دەي مەن سىنى ئەي شاگسەن ،
باغ دەي دىسەم ھەيۋەتلىك تاغسەن .
كۈندە مىڭلاپ مىھمانلار ئۈچۈن —
چەكسىز راھەت ، ھوزۇرلۇق جايسەن .

تاغ دەي دىسەم گۈللەر ئېچىلىپ ،
بۇلبۇل ناۋا ئەيلىگەن باغسەن .
تىلىنى يارار نەمەتلىرىڭ بار —
تېمىپ تۇرغان ھەسەلسەن ياغسەن،

تەگدىشىڭ يوق بىر گۈزەل تاغسەن.
ھېچيەردە يوق جەننەتسەن — باغسەن ،
سېنى كورمەي كەتكەن كىشىنىڭ ،
يۈرىگىدە چىقماس بىر داغسەن .

## بادالىڭ ئۈستىدە

سەددىچىن دەپ سىپىلىم بار ، يەر — جاھان تاڭ قالغىدەك ،
ئۇنىڭ چىدىم توپاسىنى مىڭ تىللاغا ئالغىدەك .
چىققىنىمدا بادالىڭغا ھاياجانغا كومۇلدۇم مەن ،
نەدە بولسۇن مەندە قۇدرەت ئۇنى تولۇق يازغىدەك .

شان — شەرەپلىك تارىخىمنىڭ بۇ شاھىدى ئالدىدا ،
غەيرىتىم ئاشتى پەلەككە تاغنى تالقان قىلغىدەك .
ئويلۇدۇم ئەجداتلىرىنىڭ باسقان ئىزىنى بىرمۇ — بىر —
خەلقىمىز قادىر ئىكەنغۇ ، قىلىنى قىرققا يارغىدەك .

شۇ ئۇلۇغ كومپارتىيە چاچقاچ بۇگۈن ئاپتاۋىنى ،
ئەقلىمىزنىڭ بۇلاقلىرى توختىماي جۇش ئۇرغىدەك .
مەن ئىشەندىم يەلپۈنۈپ تۇرغان قىزىلتۇغ ئاستىدا ،
بۇ دىيارىم ئۇزۇن قالماي گۈل — گۈلۈستان بولغىدەك.

# بېيجىڭ ئىلھاملىرى

نۇردۇن مۇسا

## بىخەي قىسىسى

بىلەمسەن بىخەينى شۇنچىلىك گۈزەل ،
قاتمۇ — قات ھەيۋەتلىك شىپاڭ، ئوردىسى.
قالدۇ ھەيرەتتە كورگەن كىشىمۇ،
چىمەنلىك باغ — ئىرەم جەننەت ۋادىسى.

رەۋزىشى رىزۋانلار بىھرىدۇ سالام،
قامەتىمن يا كېبى ئىگىپ ئۈزىنىڭغا.
چۈنكى ئۇ ئاتالغاچ جەننەتنىڭ ئوزى،
جەمىكى گۈزەللىك مەنسۈپ شۇنىڭغا،

www.uyghurkitap.com



گۈللىرى سەر خىلىدۇ ئەجەپ ئۇ ئېسىل،
دۇنيادا بارمىكى ئۇنىڭدىن بىرى.
بۇلبۇللار سايرايدۇ چىمەنلىرىدە،
تاھىر ۋە زوھرالار كەتمەيدۇ نېرى.

جەننەتنىڭ زەمزەمى بولىدۇ خىجىل،
دولقۇنلار ئەۋجىدە ئۆزگەننى كورسە.
تۇزۇدۇ ئاشىيان مەغرۇر قىز ـ يىگىت،
پونتانلار كەڭ يۈزىن سۆيگەننى كورسە.

ھەر تاڭدا ـ شىپاڭدا قىزىيدۇ سەيلە،
جانۇ ـ تەن سۆيۈنۈپ يايراپ كېتىدۇ.
يۈرەكلەر گوياكى بولۇپ بىر تۇلپار،
سىماۋى خىيالدىن ئوينap كېتىدۇ.

ھەر ياقتىن ئاڭلىنار بۇلبۇل شەپىسى،
گۈل ـ گىيا شاتلىقتىن تۈزىدۇ بەزمە.
بۇ قۇتلۇق سەيلىگاھ بىخەي قىسمىسى،
شائىرنىڭ قەلبىدە ئوتلۇق بىر نەزمە.

## لوگوچياۋدا

تاڭ سەھەر قوياش ئالتۇن نۇر توككەندە،
يېتىپ كەلدۇق ساۋاقداشلار لوگوچياۋغا.
خاتىرە تاش ئويمىسىغا سىيلىپ نەزەر،
نەپرەتىمىز قايناپ تاشتى دۈشمەن ـ ياۋغا.

بىر زامانلار قارا بۇلۇت قاپلاپ ئەلنى،
يىرتقۇچلار بوزەك ئەتكەن بۇ ۋەتەننى.
چاڭگال سېلىپ تومۇر تىرناق ياپون ئىبلىس،
پارچىلىماق بولغان ئىدى جەسۇر تەننى.

شۇ زامانلا ئۇلۇغ ئانا تەقدىرىنى،
جاڭكەيشىمۇ ئالۋاستىغا تۇتۇپ بەرگەن.
قانچە باتۇر ۋەتەنپەرۋەر ئوغۇل ـ قىزنى،
ئاشۇ جايدا ياۋۇز تۇلكە يەپ ئولتۇرگەن.

قىساس ئوتى ئورلىگەچكە ئەل قەلبىنى،
ھوررا! بىلەن كوكرەك كېرىپ چىقتۇق ئالغا.

ئادالەتتىن ئەل قەلبىگە چېچىپ ئۇرۇق،
يېتەكلىگەچ پارتىيەمىز ئىستىقبالغا!

توستى دۈشمەن. ئالدىن ۋەتەن باتۇرلىرى،
ئاقتى دەريا بولۇپ ئۇنىڭ ساپ قانلىرى.
قوغدىغان ھور ۋەتەننى لوگوچياۋدا،
خەلقىمىزنىڭ جەسۇر ئەۋلات قۇربانلىرى...

ئاشۇ تارىخ، قان ئىزىنى كوردۇق بۈگۈن،
ۋۇجۇدىمىز تولدى بىزنىڭ جاسارەتكە.
قەلبىمىزدە ياندى ۋەتەن مۇھەببىتى،
تولدى يۈرەك قىزىق ماگما ـ ھارارەتكە.

ئەي لوگوچياۋ قانلىق تارىخ ئەينىگىسەن،
بەخت قۇچقان ئۇلۇغ جۇڭخۇا ئېلىمىزنىڭ.
دەرس ئالدۇق بۈگۈن سەندىن ئۇنۇتمايمىز،
يېنىپ تۇرغان مەشئەلىسەن قەلبىمىزنىڭ.

## چىمەن دوپپا

ئاپتوۋۇزدا كېتىپ بارىمەن،
چاڭئەنجەدىن چەنمەنگە قاراپ.
زوقتا تولۇپ قارايمەن ھەر يان،
ئۇ پەر شامال چېچىمنى تاراپ.

ئاقار سەلدەك كوچىدا ئادەم،
چەھرىسىدە نۇرى ئېقىشار.
بېقىشىدۇ جىلۋىدە ھەر يان،
قەلبىدە يوق قىلچە كىر ـ غۇبار.

توپ ئىچىدە بىر خەنزۇ چوكان،
كەلمەكتە خوش چىقىي چۈش - ناھار.
يېتىلەپتۇ ئارزۇلۇق ئوغۇل،
پەخىرلىنەر، قەلبىدە باھار.

يارىشىپتۇ چىمەن دوپپىسى،
ۋىلىق - ۋىلىق كۆلەتتى بالا.
تۇرۇپ - تۇرۇپ سىلايتتى بېشىن،
كۆلكىسىدىن چاچاتتى شولا.

كورۇپ ئۇنى قەلبىمگە بىر ئوت،
تۇتاشتى ۋە خىيالغا كەتتىم.
قەشقەر قىزى تىككەن دوپپىنىڭ،
بۈگۈن مانا قەدرىگە يەتتىم.

1983 - يىل، بېيجىڭ.

## ماقال - تەمسىللەر

△ ئەل ئاۋات، شەھرىڭ ئاۋات،
ئەل خوشال تىلىڭ ناۋات.
△ كىمىنى كوتەرگەن يەلكىسى،
بىرلىك - ئىناقلىقنىڭ بەلگىسى.
△ كوپ مىللەتلىك كىشىنىڭ،
ئۇنۇمى بار ئىشىنىڭ.
△ دۈشمەنىڭگە خىرىس بول،
مىللىتىڭگە ھىرىس بول.
△ ئىناق ئەلدە ئاپەت يوق،
ھۆيناق ئەلدە ئامەت.
△ ئەستە ئالغىچە كىرلىك تاپ،
پۇل تاپقىچە بىرلىك تاپ،
△ ۋەتەننىڭ تېچلىقى،
ئەلنىڭ شاتلىقى.
△ ئىناقسىزنىڭ سوزى كۆل،
ئىناقلىقنىڭ يۈزى كۆل.
△ كوپ مىللەتلىك ئەل،
بولۇر توققۇزى تەل.
△ ئىناق ئەلنىڭ يۇرتى بازاردەك،
ئىناقسىز ئەلنىڭ يۇرتى مازاردەك.
△ ئىناقسىز ئەلدە ئەركە جىق،
ئىناقلىق ئەلدە بەركە.
△ چوڭ قوغۇننىڭ تىلىمى كوپ،
كوپ مىللەتنىڭ بىلىمى.
△ ئىناق ئەلدە جاپا يوق،
ئىناقسىز ئەلدە ۋاپا يوق.
△ ئۇملەشكەن شاتلايدۇ،
ئۇملەشمىگەن داتلايدۇ.
△ ئىناق ئەلدە رەھىم كوپ،
ئىناقسىز ئەلدە ۋەھىم.
△ ئىناق ئەلدە قاياش كوپ،
ئىناقسىز ئەلدە تالاش.
△ مېغىز تىككەن ماي جىرا،
مەۋە تىكمىگەن قاغجىرا.
△ دوستۇڭنى باشلاپ ماڭ،
دۈشمىنىڭنى تاشلاپ ماڭ.
△ پوستىنسىز پىياز بولماس،
دوستسىز ئادەم.
△ ئاغزىدا ھىرىسمەن،
كوڭلىدە خىرىسمەن.
( پەيزىۋات ناھىيىلىك خەلق ھوكۇمىتى يەر - جاي نامىرى ئىشخانىسىدىن ھەسەن ئابدىكىرىم ئېيتىپ بەرگەن، يىغىساردىن يۇنۇس سەمەت يېزىۋالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تۇتاش قەلبلەر ☆

( داستان )

ئابلەبەت ھاجى

بارالمايمىز شۇندىمۇ داستىخاننىڭ قېشىغا،
چىقمىشىدۇ بىگىمىلەر ھە ـ ھۇ بىلەن بېشىغا.
يېزىمىزنى مۇشۇنداق ئوراپ زۇلۇم دەھشىتى،
ئېشىپ كەتتى ھەددىدىن گېزەندىلەر تەھدىدى.
شۇ يېزىدا توغۇلۇپ، شۇ يېزىدا ئۆستۈممەن.
تارقەپەزگە سولانغان قۇشقا ئوخشاش ئۆتتۈممەن.
كەسپىم ـ تۇرمۇش كويىدا سەتىراچلىق قىلماغلىق،
دادام ئىشى جاڭگالدىن يانتاق چېپىپ ساتماغلىق.

بىر كۈن، ھاۋا بۇلۇتلۇق، يامغۇر تېمىپ تۇراتتى،
كۈچلۈك بوران قۇملارنى ئويىمىزگە ئۇراتتى.
يېزا تېخى ئۇيقۇدا ··· دادام تۇرۇپ ئورنىدىن،
چۇشۇپ كەتتى يانتاققا باغلىغاندەك بوينىدىن.
كوڭلۇم بولۇپ بىئارام، ئۇخلالمىدىم شۇ كېچە،
مەنمۇ كەتتىم ئوقەتچۇن تاكى ھەسۇلتانغىچە.
ئاللا قانداق خىيالىم ··· ئەگىپ يۈرەر ھەرياققا،
« قاچانغىچە شۇ دادام قاترايدىكەن يانتاققا؟

☆ بېشى ئۆتكەن ساقدا

تاغمۇ ـ تاغلار سوكۇلداپ ئازاپ چېكىپ يۇرەمدۇق،
ئانام باينىڭ ئويىدە ··· ئوت ئىچىدە كۇيەمدۇق ؟ »
شۇ خىيالدا، شۇكويىدا ئالدىراپ ھەم ئەنسىرەپ
باشنى كىسىپ ئىتەتتىم چاچ ئالغۇچە تەمتىرەپ.
"توقۇناق بالا» مانا شۇ ـ تاياق يەيتىم كىشىدىن،
ئەرۋايىمىمۇ ئۇچاتتى سەتىراچلىق ئىشىدىن.
بۇگۇن چاغلىق ئوقىتىم، كەچتە قايتتىم ئويۇمگە،
ئۇشىگىمىز تاقاغلىق ـ سوغ كورۇندى كوزۇمگە.
بويۇن سوزۇپ، تەلمۇرۇپ كۇتەر ئىدىم دادامنى،
كەلدى بىر چاغ جان ئانام ـ تىللاپ، قاغاپ زامانىنى.
قولتۇغىدا، ياغلىقتا تۇرار ئىدى كويەك نان،
گەر بايقىسام ئۇنانىنى ـ كورۇنەتتى قىزىل قان.
ئانام بىلەن ئىككىمىز كىرىپ كەتتۇق كەپىگە،
قارار ئوتتى، دادام يوق، چۇشۇپ قالدۇق ۋە ھىمگە.
ھاۋا بىردىن تاراقلاپ، يامغۇر ياغدى شاقىراپ،
چاقماق چېقىپ ئالەمنى يورۇتاتتى پاقىراپ.
چۇشۇپ دىلغا ئەندىشە چىقتۇق ئىشىك ئالدىغا،
بولۇپ ئەجەپ تەقەززا نەزەر سالدۇق دالىغا.
ئاڭلانمايتتى ھېچياندىن ئادىمىزات شەپىسى،
ۋەھىمە بېسىپ ئانامنى بوغۇلاتتى نەپىسى.
ئەل باش قويدى ئۇيقىغا، سىرلىق تۇنمۇ باشلاندى،
كۇتە ـ كۇتە ئانىجان قەلبى ئوتتا داغلاندى.
ئەندىش چىرماپ دىللارنى تۇن تەڭگىچە كۇتتۇق بىز،
دادام كەلمەي ، ئۇمىتسىز ئۇيقۇغا يول تۇتتۇق بىز.

ئەتىسكە تاڭ ئېتىپ بولدى قۇياش جىلڭ قىيام،
ئوقەتكىمۇ بارمىدىم، كوڭلۇم يېرىم، بىئارام.
بەلۋېغىمغا نان تۇگۇپ موردىتىم ① غا يول ئالدىم،
ئىزدەپ ئېزىز دادامنى ھەر تامانغا كوز سالدىم.
بىياۋاننى ئاقتۇرۇپ كىزىۋەتتىم كەچكىچە،
قايتىپ كەلدىم تاپالماي، ئوتتى يەنە بىر كېچە.
تام خوشنىلار ئاڭلىشىپ ھالىڭ ـ تاڭ بولۇپ قېلىشتى،
سوز ـ چوچەكلەر كوپۇيۇپ، ھەر خىل تەبىر بېرىشتى:
ـ كىم بىلىدۇ، بىر يۇرتتا بىر ئىشقا بەنت بولغاندۇ،

① موردىتىم- يەر نامى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ياكى ھەسسۇلتۇنۇمغا بېرىپ تۇنەپ قالغاندۇ؟!
ــ ئالۋاستىلار توختىمنى كەتكەنىمدۇ ئازدۇرۇپ،
قالغاندىمۇ ياتاغدا بورىلەرگە يەم بولۇپ!؟...
بەزىلەرنىڭ سوزلىرى تەنگە داۋا بولاتتى،
بەزىلەرنىڭ يۈرەككە نەشتىرىنى ئۇراتتى.
قالدى يەنە ئانامنىڭ سىل ئاغرىقى قوزغىلۇپ،
جېنىم ئاتام غېمىدە دەرت ــ ھەسرىتى كۆچۈيۈپ...
ئىناغلىقنىڭ قەدرىدىن سوز قىلاي مەن مەشەدە،
كىتاپخانىم ئۆزىڭىز ياشنار ھايات قەيەردە؟!
بوۋاي ــ موماي ئىككىسى ئوتمەشتى بەك ئىناق،
ئۈرۈش ــ جېدەل ئۇلارغا ھەم يات ئىدى ھەم يىراق.
ئوتتۇز يىللىق قېرىنداش ئەر ــ خوتۇنلۇق ئۆمرىدە،
جاڭجاللاشقان بىر قېتىم ئەجرى مېھنەت ئۈستىدە:
دادام بىر كۈن بازارغا يانتاق ئېلىپ كېتىدۇ،
ئەرزان سېتىپ يانتاقنى كەچتە يېنىپ كېلىدۇ.
بۇنى بىلىپ ئانامنىڭ ئەرۋايى راس ئۇچىدۇ،
"تاشلىۋەتسەڭ بولمامدۇ ؟ ! » ــ دەپ دادامنى سوكۇدۇ.
خىجىللىقنىڭ قارىمغى قاماپ ئېزىز دادامنى،
ئاچچىغا پايلىماي تەستەكلەيدۇ ئانامنى...
ئاكا، ھازىر ئاتۇشنى قۇم سېغىزلىق قاپلىغان،
ئوقەت قىلىپ ھەم تىلەپ ھەر تەرەپكە قاتنىغان.
بەزى چاغدا ساتالماي كىلىشىدۇ سارغىرىپ،
قارىشىدۇ ئانىلار يەر تېگىدىن ئالىيىپ.
بىر تىيىنگە ساتىسىمۇ ــ ئەرلەر بۇگا خوش بۇلار،
ئەجرىنى دەپ ئانىلار ئاچچىغلىنار، خۇيلىنار.
شۇ كۈن ئانام شۇ يەڭلىغ كويۈپ ئاتام ئەجرىگە،
كاچات يىگەن بولسىمۇ ئالمىدى ھېچ كوڭلىگە.
ئۈزرە ئەيتىپ ئاتامغا پەريات قىلىپ توكتى ياش.
پۇشايمان قىپ ئاتامۇ ئېيتىمكىگە قويدى باش...
بىر ــ بىرىگە مەھرىبان ئىدى شۇنداق ۋاپادار؟
بۈگۈن دادام غېمىدە ئانام بولدى ئىنتىزار.
چىدالماستىن نالىغا بەدەنلىرىم قولاشتى،
خوشنىلارمۇ بىر ــ بىرلەپ ئويىمىزگە ئولاشتى.
چىقىپ كەتتۇق قانچىمىز قۇمالتاغنىڭ يايلىغا،
ھەم قانچىمىز بوياملەت، توكۇل، تىجەن، بايلىغا.

يېتىمچىلىك تۇيغۇسى ھەقىقەتتەك تۇراتتى،
مۇسىبەتنىڭ پۇردىقى نەپەسىمگە ئۇراتتى.
قوچقۇەتتۇق تاغلارنى يۇلتۇز - چىراغ يورىدى،
ئەتتىگەنلىك چاي بىلەن ئىچىيمىز قۇرىدى
قوساق ئېچىپ، سۇسىراپ كەتكەن چاغدا مادادىن،
ئاۋاز كەلدى ھۇۋۇلىغان يېقىنلا بىر جىرادىن.
كالۋالىشىپ پۇت - قوللار چېپىپ بارساق شۇ ياققا،
ئاچ بورىلەر گۆرىدە تىكمۇەتتى يىراققا.
قورقۇنچىدىن يۈرىگىم چىقىپ كەتتى قېپىمدىن،
نىمەت ئىكەن ماماتلىق كەمبەغەللىنىڭ كۆنمىدىن.
چىدىماستىن كۆلپەتكە يەرگە ئاتتىم ئوزۇمنى،
تۇۋى ئۈزۈك بىر دۇنيا تولاشتۇرۇپ كوزۇمنى.
تاغدا ئېقىن ياسىدى مۇسىبەتنىڭ تامچىسى،
تىشىپ كەتتى غەزەپتىن سەۋرى - تاقەت قاچىسى.
دادامنى يەپ بورىلەر گوشلىرىنى قويمىغان،
ئېشەكنىمۇ يېيىشىپ راس ئودىكام ئوينىغان.
ۋەھشىيانە بۇ ئىشنى تەگسىزلىكتىن كوردۇممەن،
"زاۋال تاپسۇن بۇ ھايات دەپ غەزەپكە كەلدىم مەن:

گۈلدۇرلەپ ھاۋا، چېقىپ چاقماقلار،
كويدۇرۇپ تاشلا ئېغىر زۇلمەتنى.
يېرىلغىن ئاسمان، يېرىلغىن ئەي يەر،
يۇتۇپ تاشلىغىن بۇ تۈن كۆلپەتنى.

كەلگىن ئەي بوران، گۆرۈلدە تىنماي،
بەگلەر تەختىنى سۇندۇرۇپ تاشلا.
ياسىغىن دولقۇن، كەتسۇن لوجىلەر،
كوزلەردىن ئاقمان ئەي جىگەر ياشلار.

قەدىردانىم دادامنىڭ روھىنى خوش قىلمىچۇن،
نەزرە قىلماق بولغاندا بېشىمىزغا چۈشتى كۈن.
ھاۋاز بەگنىڭ ئالدىغا مۇستەر بولۇپ باردىمەن،
تازىم قىلىپ پۈكۈلۈپ يىغلاپ تۇرۇپ دېدىمەن:
"ئىملاجىمىز بولمىدى قىلىڭ بىزگە ساخاۋەت،
قادىر خۇدا ـ ئىگەمدىن سىزگە بولۇر شاپائەت."
مىڭ تاغارچە گەپ بىلەن بەردى بىر ئاز ئاشلىق، پۇل،
يېزىلدى بىر ھوججەتمۇ، ئاڭا قويۇپ بەردىم قول.
رازى بولماي نە چارە بۇ ۋاقىتسىز قازاغا،

شۇنداق، تۇرۇپ ئويلىسام ـ مەن قاپتىمەن بالاغا...
بىزدە تۇرمۇش بەك قىيىن، ئادەم بولسا بىر تىيىن،
تۇرمۇش يولى مۈرەككەپ، ئىكەن ئۇندا يوق ئىمىن.
بېخىمۇ بار تۇرمىزشىنىڭ، تېخىمۇ بار داۋانلىق،
كولىمۇ بار تۇرمۇشىنىڭ، چولىمۇ بار بورانلىق.
كۆلكىمۇ بار تۇرمۇشتا، قايغۇمۇ بار ھەسرەتلىك،
بىر ئومۇردە تۆمەن خىل ئىش كورىسەن ھىكمەتلىك.
بىز دىخانلار تۇرمۇشىنىڭ تاغ ـ چولىدە ياشايمىز،
توغار بىر كۈن كۈنىمىز، شۇ چاغ بەخت تاپارمىز.
قەدەم باستىم شۇندىن مەن ئۇ دادامنىڭ يولىغا،
تىرىكچىلىك يولىدا چۈشۈپ كەتتىم مۇرىغا ①
باراۋەرسىز ھاياتنىڭ چىددىماستىن دەردىگە،
ئازاپ چېكىپ، يىتەتتىم رەمەتلىكنىڭ قەدرىگە.
ئانام بولدى مۇپتىلا "سەپرا" دىگەن كېسەلگە،
مەن كىتەتتىم ھەر كۈنى يانتاق ئېلىپ تىجەنگە.
جىق دىگەندە تۇت نانغا يانتىغىمنى ساتاتتىم،
تىلەپ يۈرۈپ ئويىمۇ ـ ئوي يىمەككە نان تاپاتتىم.
بىر ئاخشىمى ھاۋاز بەگ كىلىپ قالدى مەلىگە،
دىدى: "رەخمان مەرھەمەت بىزنىڭكىگە، پەتىگە"...
ئىن دىمىدىم، يول سالدىم ھاۋاز بەگنىڭ ئويىگە،
چۈشۈپ كەتتىم شۇ كۈنى "جەھەننەم" نىڭ تورىگە ...
بارا ـ بارا رەخمانىنىڭ تاۋۇشىمۇ تۈتۈلۈپ،
لەۋى قۇرۇپ، مادارسىز يىغلار ئىدى بۇزۇلۇپ.
سەۋرى تىلەپ رەخمانىنىڭ سىلىۋىدىم بېشىنى،
ئۇمۇ ئېغىر تىندى ـ دە، داۋام ئەتتى سوزىنى:
ھاۋاز بەگنىڭ قوروسى قۇم سېخىزدا بىر ئىدى،
قارا قوساق ھاۋازنىڭ ئويى ئەلگە سىر ئىدى.
ئىگىز ئايۋان ئالدىغا چەللە ـ باراڭ قىلىنغان،
باراڭلىقنىڭ ئاستىغا كورپە، گىلەم سېلىنغان.
ياتار ئىدى ھاۋاز بەگ چا پاقىدەك سوزۇلۇپ،
يەلپۈشەتتى خېنىملار چورىسىدە تولغۇنۇپ.
تۇرار ئىدى مۇناقى باراڭلاردا ساڭگىلاپ،
ئالما، ئەنجۈر، شاپتۇللار ياپراقلاردىن مارىلاپ.
باغلىرىنىڭ ئالدىدا "جەننەت" قالار قىمزىرىپ،

① مۇرا ـ مۇرىتىمىنىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى

تۆرلۈك تۈمەن مىۋىلەر ئۆتەر كوزدىن تىزىلىپ.
بىراق، ئۆتۈپ پۈتۈن ياز ئېغىز تەگمەي مىۋىگە،
سۇ تۇتاتتىم تەلمۈرۈپ كىملەلمەستىن تۈۋىگە.
خوتۇنلىرى بىكاردىن چېقىشاتتى چاياندەك،
تولىشاتتى ئاتىشىپ «سارىك — دەلتە، ئاچ شۈمتەك».
تىزەكلەردىن كۆمىلاچ قىلار ئىدىم ھەر كۈنى،
بىر دەقىقە ئارام يوق تاڭغا ئۇلاپ كېچىنى.
جۇگۇر — يىتىم ماڭا خاس، بىلىم ئاغرىپ پۈكۈلدۈم،
بۇردا نانغا تەلمۈرۈپ ئىت كۈنىنى كوچۈردۈم.
ئىشلەر ئىدىم كۈندۈزى ئېتىزلىقتا، قاقاستا،
ياتار ئىدىم كېچىسى قويغا قاراپ قوتاندا.
ئايلىناتتىم قوتاننى قويغا سىپاپ ئوت — خەشەك،
ئوتان يېرىپ، سۇ توشۇپ ئالغان نامىم نەس دىدەك.
ئىشلىگەنمەن، ئىشلىگەن تۇتتە پۇلغا سەككىز يىل،
قوشتىن چىقسام سورەمگە سىلىشاتتى، سىلىپ تىل.
جېنىم ئانام پىغانى — يۈرۈگۈمنى ئىزەتتى،
ئۇشىنىسىدە خوجۇنى كوچىلارنى كىزەتتى.
ئىنساۋى يوق ھاۋازدىن مېھنەت ھەققىم تىلىدىم،
قۇلىغىنى سالمىدى، قانلار يۇتۇپ يىغلىدىم.
يازمۇ كەتتى شاپاشلاپ يانا كەلدى زىمىستان،
قەھرىتاندا ئويىگە مۆكۈنۈشتى پۈتۈن جان.
«يوقاپ كەتتى» ھاۋازنىڭ بىر كېچىدە زىلچىسى،
ماڭا توقۇپ توھمەتنى ھەيدىۋەتتى كېچىسى.
هولار ئىدى شىۋىرغان، سوغاق بولسا بىر چايان،
ئۈمىت بارۇ، ئامال يوق كىتەلمىدىم ھېچقايان.
ئىدى پۇتۇم يالاڭياق، قار ئۈستىدە تۇراتتىم،
ھاۋاز بەككە يالۋۇرۇپ ئىشىگىگە ئۇراتتىم.
ئۇ زۇلۇمكار تاش يۈرەك ئىشىگىنى ئاچمىدى،
توڭۇپ تىترەپ تالادا تەندە دەرمان قالمىدى.
يۈرۈگۈمدە بىرلا ھىس: شۇمۇ ياشاش بولدىمۇ،
ياكى ئانام جاھانغا ئازاپ ئۈچۈن تۇغدىمۇ؟

قار ياغاتتى لەپىلدەپ نەبىشەتمۇ رەھىمسىز،
مېڭىۋەردىم غاچىلداپ، پۇتۇم بولدى كېرەكسىز.
مىڭ جاپادا، مىڭ تەستە ئويىمىزگە يەتتىمەن،
— ئانا!...— دىدىم، ئالدىغا يىقىلىپ ياش توكتۈمەن.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com



— بالام!... دېدى جان ئانام، باستى مېنى باغرىغا،
كورۇپ مېنىڭ ھالىمنى سوز كەلمىدى ئاغزىغا...
رەخمان تۇگۇپ مۇشتىنى، غۇچۇرلىتىپ چىشىنى،
يۇلۇۋالدى غەزەپتە بىر نەچچە تال چېچىنى.
ئوز قىنىدىن قوزغۇلۇپ سىلىپ كەتتى يۇرۇگۇم،
تاشتى قايناپ قەلبىمدىن ھاۋاز بەككە ئوچلۇگۇم:
"بەتنىيەت ئەي ھاۋاز بەگ مۇشۇ ئىنساپ بولدىمۇ.
زادى گۇنا، جىنايەت رەخماندىمۇ، سەندىمۇ؟
ئىنسانلارنىڭ قاتارى بۇمۇ ئىنسان ئىددىغۇ،
سېنى بېقىپ سەمرىتكەن مۇشۇ ۋىجدان ئىددىغۇ؟!
خۇدا راۋا كورەمدۇ ئىشلىتىپ ھەق بەرمەسەڭ،
قارا چاپلاپ ئاخىرى زىمىستاندا ھەيدىسەڭ؟!
يېقىن بىزگە نوۋەتمۇ، غەزەپ تاشتى ۋىجداندىن،
چوقۇم قىساس ئالىمىز سەن ستەمكار چايانىدىن."
"رەخمان تۇرۇپ قېشىنى، سەل كوتۇرۇپ بېشىنى،
تۇتۇپ مېنىڭ قولۇمنى داۋام ئەتتى سوزىنى.
ئەتىسىگە، تاڭ ئېتىپ ئويگە كەلدى ئوچ كىشى،
بىرى بوجاڭ ئىككىسى — جەجاڭ بىلەن يۈز بېشى.
زورلۇق بىلەن باغلىشىپ مېنى ئېلىپ مېڭىشتى،
ھاۋاز بەگنىڭ ئويىگە بەنە ئېلىپ كېلىشتى.
"ئوغرى چوقۇم سەن" —دېدى مەن يىتىمنى ھاۋاز بەگ
دېدى يەنە: "ساقا قەرز — گۇنا يىگىنى توگەتمەك."
پۇتۇلدى بىر ھوججەتمۇ جالىق بىلەن ئاساسىز،
يەنە ئون يىل ئىشلەشكە بۇغۇلدۇممەن ئامالسىز.
"ئىنساپ" تىلەپ جان ئانام كىرىۋىدى ھويلىغا،
زالىم قانخور ھاۋازدىن قامچا يېدى دولىغا.
چىدالمىدى زەربىگە ئاجىز خوتۇن دوم چۈشتى،
يالاقچىلار كوتۇرۇپ تاشقىرىغا ئېتىشتى.
غەزىۋىمگە پايلىماي ھاۋاز بەككە مۇش ئاتتىم،
ئۇر — ئۇر قىلدى مەلئۇنلار، مەلەخ بولۇپ مەن ياتتىم.
بەدەنلىرىم زىڭىلداپ قان ئاقاتتى چېكەمدىن،
ئۇلار دەيتتى: "بىئەدەپ، كورەرسىڭ شۇ ئېگەمدىن".
ھاۋاز بەگنى ئۇرغانغا بولۇپتىمەن — بىئەدەپ.
ھەسلىرەمنى، تۇيغۇمنى ئىزھار قىلاي — نىمە دەپ؟!
ئەي چايانلار — سىلەرگە لەنەت، يەنە مىڭ لەنەت،

ھەقنى ناھەق ئەيلىگەن ۋىجدانىڭغا مىڭ لەنەت.
مالۇ - دۇنيا ، پۇل ئۈچۈن سېتىپ ئارۇ - نۇمۇسنى،
قەس قىلىشتىڭ ھارامدىن سائادەتمەن بولۇشنى ...
ھەدىگەندە ئوغرى دەپ ئاچۇرمىدى تىلىمنى،
نەشتەر تەقىپ تىل بىلەن پارە قىلدى دىلىمنى.
قېتىپ كەتتى يەر - جاھان ئاچارچىلىق ئۆردى،
ھاۋاز بەگنىڭ ئويىدىن بەكمۇ كۆڭلۈم سويىدى.
قىچىپ كەتتىم بىر كېچە ، دىدىم: "ئەمدى قۇتۇلدۇم".
بىراق قېچىپ يىلاندىن ئەژدىھاغا تۇتۇلدۇم.

ئارتۇشۇمدا ، ئازاقتا سىپىل سوقماق بولۇشتى ،
يۇرتمۇ - يۇرتقا مەدىكار ، ئالۋاڭ - ياساق سېلىشتى.
ھەر تەرەپكە ھاۋاز بەگ يايىلارنى چاپتۇرۇپ،
تۇتتۇۋالدى ئارقامدىن قوغلاپ يۈرۈپ ئاختۇرۇپ .
تۇتۇپ بەردى سېپىلگە ، دىدى : "ئىشلەپ سىنىسۇن"،
دىدى بوتۇك ھېزىم چوڭ: "قامچا تەمىنى تېتىسۇن".
ئارتۇشۇمنىڭ ئەھلىگە سالدى گۇلپەت ھېزىم چوڭ،
شاپائەتمۇ قىلمىدى ۋەھشى نىيەت ھىزىمچوڭ.
دىخانچىلىق تاشلىنىپ قالدى تۇرغان جايىدا،
پۇخرالارنىڭ ھوقۇقى بولغاچ ھوكۇم رايىدا.
يۇرتمۇ - يۇرتتىن مەدىكار يىغىپ كەتتى ئازاقا ،
ئەلگە بولدى چوڭ كۇلپەت ، چىرمۇپ قالدۇق توزاققا.
قانچىلارنىڭ كالىسى كەتمەن تىگىپ چېپىلدى،
تۇرۇپ قالسا بىر مىنۇت دەرەخلەرگە ئېسىلدى .
ھىچ يادىمدىن كەتمەيدۇ ھېزىم چوڭنىڭ بىر ئىشى ،
سوزلەپ قانداپ تۈگۈتەي ، تولا ئىدى قىلمىشى :
بىر كۈنىسى ئەتىگەن ، ئولتۇراتتىم چاي ئىچىپ،
كىلىپ قالدى ھېزىم چوڭ تۇرۇپ قالدىم تاڭ قېتىپ.
"ھەي يالاڭ توش، نوسەندە ئولتۇرامسەن شۇ چاقتا،
ئىشىمىزغا سەل قاراپ كېيىن قالدىڭ بۇ تاپتا .
ھوكۇمەتنىڭ ئىشىغا قىلدىڭ ئېغىر ساختىلىق،
ئوز ئۆۋالىڭ ئوزۈڭگە ، مەندىن كۈتمە ياخشىلىق."
شەرەت قىلىپ يايىغا ، ماتاپ مېنى دەرەخكە،
كوپچىلىكنىڭ ئالدىدا تاتىۋەتتى پەلەققە.
مەغرۇر تۇتۇپ ئوزۇمنى، ماڭا كەلگەن كورۇم دەپ،
تىل سالاتتىم ئالمىسپ ، يالۋۇرىشنى ئولۇم دەپ،

چۇقان سالدى كوپچىلىك قايناپ ـ تېشىپ زەردىسى ،
توختاپ قالدى ئۇرۇشتىن يايىلارنىڭ بەزدىسى .
يېشىۋەتتى دەرەختىن ، ھېزىمچوڭغا ئېتىلدىم،
بىر موش بىلەن ھېزىمنى ئوڭدىسىغا يىقىتتىم.
قونۇۋېلىپ كوكسىگە دەسسىۋەتتىم نەچچىنى،
ۋاي ـ ۋايلىدى ھېزىمچواڭ ، چىقىپ كەتتى جان ـ پېنى.
ئاڭغىچىلىك يايىلار مېنى بەرجەس باغلاشتى،
تومۇر زىخنى قىزىتىپ تاپىنىمنى داغلاشتى.

غۇژمەك بولۇپ دەرەخلەر يەرگە چۈشتى يوپۇرماق،
ئۇستەڭلەردە مۇز قېتىپ بالدۇر كەلدى بۇ سوغاق.
پۈتمىگەنتى سېپىلنىڭ تېخى تەڭدىن تولىسى،
دۈشمەن بولدى پـاي ـ پىتەك ھەم چۈكۈلدى ئۇۋۇدىسى.
ۋىلايەتتىن ئالاقە ھېزىم قاتىل ئېلىپتۇ ،
ئىككى ئايدا سېپىلنى پۈتتۈرۈشمەك بولۇپتۇ .
قىزىل قانغا بويالدى ھېزىمچوڭنىڭ قامچىسى،
جۇدا بولدى جېنىدىن بوۋايلارنىڭ قانچىسى.
شىددەت بىلەن كۆچەيدى ھېزىمچوڭنىڭ زۇلۇمى،
قوشاق بولۇپ تارالدى يوقسۇللارنىڭ ئەلىمى.
ئەمگەك بىلەن چارچىساق مەدەت بېرىپ كوڭۇلگە،
شۇ قوشاقنى ئوقۇپ بىز داۋا تاپتۇق ئەلەمگە:
”ھېزىمچوڭنىڭ سېپىلى رەندە سالغان تاختىدەك،
كىرىم چوڭنىڭ سېپىلى سۇزمە سالغان خالتىدەك.
”ھېزىم چوڭنىڭ يۇزىدە بىر تال توڭگۇز تۈكى بار،
ئۇنىڭ قارا دىلىدا قاتىللىقنىڭ ئىزى بار.
گومىنداڭغا سېتىلغان بىزگە قىلىپ خىيانەت،
زۇلۇم قىلىپ خەلققە ئوتكۇزدى كوپ جىنايەت.»
تارقاپ كەتتى بۇ قوشاق ئاتۇشۇمنىڭ ئەھلىگە،
چىدىمىدى ھېزىم چوڭ ـبۇ ھاقارەت زەربىگە.
جىرىمانە قويۇشتى بۇ قوشاقنى ئوقۇساق،
ھوكۇم قىلدى تۈرمىگە يەنە قوشاق توقۇساق.
بىراق ، خەلق توختىماي يەنە قوشاق توقۇشتى،
« ئىبرەت » قىلىپ ئۇلارنى باغلاپ ئېسىپ ئۇرۇشتى.
توسالمىدى ئامىنىڭ ئىسيانىنى ”سىياسەت“
ئېگەلمىدى قەددىنى تاغدەك جاپا ـ رىيازەت.

مەن قوشاقتا شەيدايى، ئوقۇر ئىدىم ھەركۈنى،
ئولتۇرساممۇ، قوپساممۇ ئۇڭا بېرىپ ئىشقىمنى:
"بولمايدۇ ئالەمدە ناخشىسىز ھايات،
ناخشىسىز ھاياتتا پەقەت مەنا يوق.
ئاجرالماس ياشاشتىن ناخشا بىر مىنوت،
دوستلارغا ئوزۇقتۇر، دۈشمەنلەرگە ئوق."
قىيام ئىدى بىر كۈنى ھاۋا يامان ئاينىغان،
قاق سوقاتتىم ، لەۋزىمدىن قوشاق ئۆرغۈپ ياغىرىغان.
كىلىپ قاپتۇ ھېزىمچۈك كورمەپتىمەن زالىمنى،
ئورنۇەتتى تاش يۈرەك خاراپ ئەيلەپ ھالىمنى.
— ھىم ··· سەن···-دىدى بىر غىرىچ چۈشۈپ كەتتى قاپىغى،
بەدىنىمگە ئىز سېلىپ ئايلىناتتى تايىغى.
— مېنىڭ ئېتىم ھېزىمچۈك، شۇنداق ئۇلۇق يارالغان،
مونۇ قامچا دەستىسى ئۈستىخاندىن ياسالغان···
ئۆسقۈنىمنى ئالالماي ياتار ئىدىم قۇسۇپ قان،
ھەيدەپ كەتتى چېرىكلەر سىلكىشلىشىپ شۇ زامان.

بىركۈن ئوتتى ، سولاقتىن دەھشەت پۈراپ تۇراتتى،
ھىسسىياتىم، خىيالىم ھەر تەرەپكە ئۇراتتى:
"قاراڭغۇ گور ئىچىدە ياتامسەن ئەي دادىجان،
قايسى ئويگە دوقۇرۇپ بويۇن قىستىڭ ئانىخان.
دەھشەت باسقان تۈرمىدا مەن بىگۇنا ئەركسىز،
دىسەم شۇئان راستىمنى: ئىككى دۇنيا پەرقسىز.
ھەركۈن تارتىپ سوراققا - ئازاپ سېلىپ جېنىمغا،
ھوكۇم قىلدى ياۋۇزلار ئىككى يىللىق قاماققا.
دىدى ماڭا : " ئۆرۈپسەن شۇنداق ئۇلۇق كىشىنى،
قوشاق توقۇپ تىللايسەن ھوكۇمەتنىڭ ئىشىنى.
ئېيتقىن قېنى "پەلىۋان " نەدىن تاپتىڭ بۇ كۈچنى،
ئۈگەتتى كىم، چوڭامدىن قورقماي بويۇن تولغاشنى؟!"
كۆلپەت چېكىپ تۈرمىدا ھەسرەت بىلەن ياتاتتىم،
كالتەك، چوماق ، ئىشكەلىنىڭ ئازاۋىنى تارتاتتىم.
بولدۇم قاخشال - قورايدەك - تويۇپقىنا يىمەستىن.
ئاچ قالسامۇ دۈشمەنگە يالۋۇرىپ، دات دىمەستىن···
قاراڭغۇ بىر كېچىسى، ئىشىك قاتتىق تاراقلاپ،
بېسىپ كىردى تۈرمىغا ئىككى چېرىك پالاقلاپ.
سولاپ مېنى تاغارغا، ئېلىپ كەلدى قەشقەرغە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


توت ئاي بولدى ياتقىنى ئەسىر بولۇپ بۇ يەردە.
هاۋاز، هېزىم ئەلەمى قالدى ئەنت بوپ دىللاردا،
ئاشۇ ئەنتتىن سائادەت تۇغۇلار بىر يىللاردا...

سۇرلۇك تۇرما، بەك سۇرلۇك، چىقار مامات پۇردىغى،
دوزاقتىمۇ دەھشەتلىك كۇلپەت ـ ئازاپ ئۇچىقى.

قېنىمىزنى ئىچىدۇ ئۇرۇپ-دەسسەپ شۇم چىرىك،
نىمە كارى بىز ئولسەك، يانا ياشار ئۇ تىرىك.
قازانلاردا چىمىلداپ قايناپ تۇرارسۇ يىيېغى،
دىماقلارغا ئۇرۇلار ئادەم گوشى پۇردىغى.
زىندانلارنىڭ ئاستىدا جان تالاشساق ۋاقىراپ،
ئۇستىمىزگە قايناقسۇ توكۇلىدۇ شاقىراپ.
يالىڭاچلاپ خاس جايغا تومۇر زىخلار تىقىدۇ،
بۇرنىمىزغا هاك سۇيى، ئاچچىق لازا قۇيىدۇ.
سىلىپ بىزنى تاغارغا پۇت - قوللارنى چېتىشىپ،
جىغان ـ تىكەن ئۇستىدە يۇمۇلتار تېپىشىپ.
ئاردىسىغا تىرناقنىڭ يىڭنە، بىگىز سانچىيدۇ،
يۇلسا چاچنى ئامبۇردا جان جىزىلداپ ئاغرىيدۇ.
قاماق سالسا چېكىگە كوزلەر چاچراپ چىقىدۇ،
قىشنى تىكلەپ ئۇستىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ.
كوز يۇمدۇرماي قانچە تۈن، تۇرۇپ ئۇرە، هالسىراپ،
هۇشىمىزدىن كەتكەندە تۇرغۇزىدۇ قامچىلاپ.
توكمىز بىز تۇرمىدا قىستاپ كەتسە زەھرىمىز،
ئۇنىڭ سېسىق بۇسىدىن ئايلىنىدۇ بېشىمىز.
ياتىمىز بىز ئاچۇ-زارهسا ياتىمىز سولۇشۇپ،
جازا، ئازاپ، مۇشەققەت ـ جېنىمىزنى قورۇتۇپ.

«تېرىلىك تۇرۇپ بىز ياشايمىز گوردا،
نىچۇن كورمەيمىز يورۇق جاهاننى؟

دىدۇق: تاڭ ئاتماس، ئىستىقبال بولماس،
سۇرۇپ تاشلىماي قارا تۇماننى.

كوزلەردىن يىراق ئەمدى يورۇق يەر،
قېنى سەن قوياش، قېنى سەن نۇرلەر؟!

غەمكىن بولساڭمۇ يوگۇشۇپ ئاققان،
قېنى دەريالار، كومۇشرەڭ سۇلار؟!

قاخشال بولسىمۇ كوزلەرگە تونۇش،
قېنى بوستانلار، قېنى ۋادىلار؟!
تىنەپ ـ تەنتىرەپ كوكتە ئۇچۇشقان،
قېنى سەن مۇڭلۇق غەزەلخان قۇشلار؟!
سىلەر كوزلەردىن مۇشۇ دەم يىراق،
ياتىمىز گوردا چوقۇپ قۇزغۇنلار.
ئامال يوق بىزدە، لېكىن ئۈمىت بار،
تەلمۈرگەن كوزلەردىن چىقار ئۇچقۇنلار.»

قىلچە ئارام بەرمەستىن سوراق قىلىپ تۇراتتى
گايى ئالداپ، گايىدا زورلاۋانلىق قىلاتتى.
بىر كۈنىسى ئەتىگەن ئىككى چېرىك كىرىشتى،
ـــ تۇرغىن!ـ دىدى، ئالدىغا مىنى سېلىپ مېڭىشتى.
ئىشخانىدا گىمدىيىپ ئولتۇراتتى بىر مەخلۇق،
ماڭا قاراپ ھومۇيۇپ دىدى: « ساڭا يوق خوشلۇق… »
ئاندىن كۈلۈپ ئېيتتى ئۇ: « كىلىپ قاپسەن ئەپەندى،
بىزدىن ئوروپ يۈزۈڭنى ئېزىپ قاپسەن ئەپەندى.
ھوكۇمەتنى قارىلاپ، پىتنە ـ پاسات تاراتتىڭ،
قىلىپ خەلقنى بىزگە ئوچ، ئوز ئاغزىڭغا قاراتتىڭ.
تەشكىلاتىڭ قەيەردە، قانچى كىشى قاتناشقان،
ئېيتقىن كىملەر باشلىغىڭ، سېنى بۇنچە قۇتراتقان؟
توپىلاڭدىن، ئىسياندىن تاپالمايسەن ھالاۋەت،
سەن مەلئۇنلار بېشىغا كەلدى قازا، مالامەت. »
دىدىم ئۇڭا غەزەپتە: مەلئۇن دىگەن ئوزەڭلەر،
ئەلنى شوراپ قاخشاتقان تەييار تاماق بىزەڭلەر!
تىللاپ زادى باش ئەگمەي ياۋغا دەككە بىرەتتىم،
ئۇراتتى شۇم جەللاتلار، گاھ ھوشۇمدىن كېتەتتىم…
بىلەر ئىدۇق، ھەر زامان، سۇنمايدۇ چىن ھەقىقەت،
شۇ ئىشەنچتىن دىللارغا ئالار ئىدۇق كۈچ ـ قۇۋۇەت.
پىلسىراتىڭ ئۈستىدە ئىرادىمىز پۈكۈلمەي،
ئوتتۇپ كەتتى ئىككى ئاي ئۈمىدىمىز ئۈزۈلمەي…

تۈن تەڭ ۋاقتى تۈرمىدا شامال ھۇشتەك چالاتتى،
يوچۇقلاردىن ئوتۇشكەن سالقىن يۈزگە ئۇراتتى.
تېرىك تۇرۇپ «دوزاق» نىڭ ئازاۋىنى بىر كوروپ،
ئۇخلىيالماي ياتقاندا يوتۇلۇپ، قان توكۇرۇپ.

uyghurkitap.com



تۇيۇقسىزدىن تۈرمىنىڭ ئىشىكى ئاستا ئېچىلدى،
ئارقىسىدىن پاژىلداپ ئورۇس گۇگۇت چىقىلدى.
باش كوتۈرۈپ قارىساق بىر ياش ساقچى تۇرۇپتۇ،
كوزلىرىدىن مولدۇردەك ياش تامچىلار قۇيۇپتۇ.
ھەم تۇرىدۇ قولىدا - خۇمرىدا لىق سۇيۇق ئاش،
— ئىچىڭلار،-دەپ ئوتتۇندى، - بىز ھەممىمىز قېرىنداش...
ھەيران بولۇپ بۇ ئىشقا شۇبھىلەندۇق ئۇنىڭدىن،
چۈنكى، بىزار بولغانتۇق تۈرمىدىكى زۇلۇمدىن.
تۇمان قاپلاپ دىللارنى، قارىمىدۇق يۈزىگە،
دوستلار! - دىدى ئۇ يىگىت ياش كەلتۈرۈپ كوزىگە.
دۈشمەن،-دىدىم ئىچىمدە: ھىيلىگەرلىك قىلمىسەڭ،
سىرىمىزنى سەن بىلسەڭ ئولتىرىسەن، كۇلمەسەن.
ساقچى شۇندا بىر ھازا تۇرۇپ ئويچان تىكىلدى،
دىلى راسلا ئاق ئىكەن، لەۋزىدىن سىر ئېچىلدى:
— ئىشىنىڭلار ئېتىم نۇر، پەيزىۋاتلىق يىگىتمەن،
جىڭسا جۈيدە ئىت كەبى پۇچۇق نانىنىڭ قۇلىمەن.
ئەسكەر قىلىپ گومىنداڭ ئېلىپ كەلگەن قەشقەرگە،
كىيىن چىرىك چىقارغان ساقچى قىلىپ مەشەگە.
دىلى سۇنغان زاماندىن، يوقسۇل دىخان ئوغلىمەن،
سىلەر بىلەن قەلبىداش، ھەم تەقدىرداش بولىمەن،-
ئۇزاتتى ئۇ خۇمرىنى، تونۇشتۇرۇپ ئوزىنى،
چارلاپ كىرىپ تالانى داۋام ئەتتى سوزىنى:
— دوستلار، بار بۇ تۈرمىدا ئەمەت دىگەن بىر قاتىل،
ۋىجدانىنى يوقاتقان، نىيىتىمۇ بەك رەزىل.
پوست كىلىدۇ ئۇنىڭغا ھازىر مىنىڭ ئارقامدىن،
پايلاپ تۇراي، قېچىڭلار خالاس بولۇپ زىنداندىن.
يانچۇغىدىن ئىشكەلىنىڭ ئاچقۇچىنى چىقاردى،
قۇتۇلۇپ بىز كىشەندىن ۋۇجۇدىمىز جانلاندى.
كۇلۇمسىرەپ دىدى ئۇ: كىرىسە قاتىل تۈرمىگا،
ئۈرۈڭلار بۇ چوماقتا پەيلەپ تۇرۇپ كاللىغا.
ئون سەر تەڭگە قولىغا قامالىتىپ قويۇڭلار،
پارا ئاپتۇ دىيىشسۇن، ئامان بولسۇن يولۇڭلار»
بېرىپ مىنىڭ قولۇمغا ئون ئالتە سەر تەڭگىنى،
چىقىپ كەتتى تۈرمىدىن ئىزھار قىلىپ مېھرىنى.
يۈرىكى پاك بۇ ياشنىڭ جاسارىتى، خىسلىتى،

يۈرىگىمىز تورىدىن ئۆرۈن ئالدى شۇ پېتى.
بۇ دۇنيادا دۈچ كىلەر ياخشى – يامان كىشىلەر،
بىرى زىيان كەلتۈرسە، بىرى ئەلگە نەپ بىرەر.
بىرى خەلقنىڭ بەختىچۈن تىكىپ قويسا جېنىنى،
ئەمەتتەكلەر خەلقنىڭ شوراپ ئوتەر قېنىنى.
بىرى دۈشمەن گورىغا ئوت قويۇشنى ئىستەيدۇ،
بىرى دۈشمەن ئالدىدا باش ئىگىپ نان تىلەيدۇ.
بىرى سويۇپ ھەقىقەت ئوز خەلقىغە يار بولسا،
نىمە كارى بىرسىنىڭ خەلقى ۋەيران، خار بولسا؟!
تەسىراتلار جامىغا تولۇپ ھەر خىل تەسىرات،
ھىسسىياتلار يېپىنى چۇۋۇۋەتتۈق بولۇپ شات...
قەشقەر شەھرى خارابە، كىشىلەر يوق كوچىدا،
كويەر ئەتراپ لاۋۇلداپ قىرغىنچىلىق ئوتىدا.
ئويلەر قۇرۇق، ئەل قۇرۇق، گىزەندىلەر بۇلاشقان،
ھەممە ياقتا قان ئىزى، گۇل گىيامۇ سولاشقان.
يالىڭاچلاپ قىلچىن پىتراپ يۇرەر چىرىكلەر،
بۇ سودىدىن نەپ ئېلىپ كونۇپ قالغان بىدىكلەر.
رەخمان بىلەن ئىككىمىز بۇ ئەنسىزلىك ئىچىدە،
قاچماقتىمىز پەم بىلەن تام ياقىلاپ كېچىدە.
كېلىپ ھېيتكا ئالدىغا بىر دالىدا توختىدۇق،
ئايرىلىشنىڭ ھىجرىدە قەلبىمىزنى يوقلىدۇق.
ئېغىر كەلدى ئايرىلىش – بولغاچقا بىز قەلبىداش،
نىمە چارە ئايرىلىپ بىر تەرەپكە ئالماي باش؟!
— راخمان، – دىدىم تىكىلىپ، ئايرىلىمىز شۇ تاپتا.
قايتا يەنە ئۇچرۇشۇش نىسىپ بولار ھاياتتا.
زەپەر قۇچۇپ جەڭگاھتا ئۇچرىشارمىز بىر كۇنى،
يامرىغاندا خەلقنىڭ ئىشىپ غەزەپ كەلكۇنى.
ئۇچرىشارمىز ۋە ياكى بەختىيار-ھور كۇنلەردە،
شەرەپ بىلەن گۇل تاقاپ بىر سەھنىدە، مۇنبەردە.
ياخشى يىگىت ئىكەنسىز ئەرك ئىشقىدا ئىسيانكار،
ئەشۇ ئىشىق يولىدا بولۇڭ مەڭگۇ پىداكار.
— ئىشىنىمەن جان ئاكا، ھايات چوقۇم ئوزگۇرەر.
مىسالى قىش ئوتكەندە – باھار كىلەر، ياز كىلەر.
دەۋرى قىلىپ ئوتتىغۇ ئەلمىساقتىن بۇ ئەلەم،
جۇرئەت قىلسا يىتىدۇ ئۇمۇدىگە ھەر ئادەم.

ئالدىمىزدا، يېقىندا ياخشى كۈنلەر بولغۇسى،
ئۈچرۈشۈشنى خالايمەن ئاللا نىسىپ قىلغۇسى ...»
قول سىقىشىپ، خوشلۇشۇپ ئايرىلىشتۇق شۇ كېچە،
قاراپ ـ قاراپ ئارقىغا تۈندە غايىپ بولغىچە.

شۇندىن سوڭرە ئىككى ئاي ئۆتتى يەنە ئارىدىن،
زىمىن تولدى پەرياتقا خەلقىمىزنىڭ زارىدىن.
مۈكۈپ يۈرۈپ پەم بىلەن، پىنهان تۇتۇپ ئىزىمنى،
توختاتمىدىم ھىچقاچان تەشۋىقاتنى، سوزۈمنى.
پۇرسەت تاپسام ھەر يەردە خەلققە قىلدىم دالالەت ـ
بىر نىيەتتە ئۇيۇشۇپ تىكلەيلى بىز ئادالەت.
ئىنسانكەنمىز ـ ئىنسانلىق قەدرىمىزنى تاپايلى.
تارىخىمىز بېتىگە يېڭى بىر بەت قوشايلى.
خۇددى مەندەك ھەقىقەت ئېگىلىرى ھەر زامان،
دىدى: ۋەتەن ـ ئانىمىز بولسۇن گۈزەل، شادىمان.

مىلادىيىگە مىڭ توققۇز يۈز قىرىق سەككىز بولغاندا،
جەۋلان قىلدى لەپىلدەپ يەنئەن تۇغى جۇڭخۇادا.
كوتۇرۇلدى بۇندىمۇ ئىنقىلاپنىڭ بورىنى،
مۇدھىش قارا زاماننىڭ كولاپ رىزىل ھۇلىنى.
چىمتى مەرتلەر جەڭ ئارائەلەم تۇتۇپ سەھنىگە،
جەڭ ساداسى ئەۋجىدە كەلدى قەشقەر لەرزىگە.
مىغىلدىشىپ كوچىدا زور نامايىش توپلىرى،
ھەر يۈرەكتە لاۋۇلداپياندى غەزەپ ئوتلىرى.
ئەنە بىرى قولىدا كىتاپ تۇتۇپ سوزلەيدۇ:
”ئىنقىلاپچى ھەر قاچان ـ خەلق بەختىنى كوزلەيدۇ.
ياتما ئىگراپ ئەي خەلق ـ قوزغال، ئاتلان، قەد كوتەر،
بۇنى دەستۇر قىل ھامان ـ قوزغالغاندا ئىش پۈتەر...
ئەنە بىرى كوتەرگەن شۇنچە مەزمۇت بولقىنى»
قىلىپ ئەسىر، مەھلىيا بۇ نامايىش دولقۇنى.
تۇرۇپ سەپىنىڭ ئالدىدا سىۋۇرلايدۇ ئۇزىگە،
كىتاپ تۇتقان كىشىنىڭ قايىل بولۇپ سوزىگە:
”توغرى ئېيتتىش» قوزغالغاندا ئىش پۈتەر.
قوزغالمىساق ـ بىر كۈنى بىزنى يالماپ يەر يۈتەر.
مانا بۈگۈن قوزغۇلۇپ، چىقىپ تاشلاپ قاپقاننى.
ئۆكتەي ـ توكتەي ئەيلىدۇق يەر ـ زىمىننى ئاسماننى »

ئەنە بىرى ۋاقىرار ــ ئوغىقىنى ئويىنۇتۇپ،
ۋاقىرار ئۇ توختىماي قانچە دىلنى ئويغۇتۇپ:
" بىزگە كېرەك ئەركىنلىك، بىزگە كېرەك ئاشۇ ـنان،
گەر ئەركىنلىك بولمىسا ـ [illegible]دان ، قەپەز بۇ جاھان.
ئەي يارانلار-باتۇرلار قېنى ئالغا چامدايلى ،
مۇستەبىتلىك تەختىنى گۇمران قىلىپ تاشلايلى."
تاغدىن چۈشكەن كەلكۈندەك سەپ دۈۋەرەپ يامرىدى،
ھۇررا ، چۇقان ساداسى كوكنى قۇچۇپ ياڭرىدى.
دوتەي يامۇل ئالدىغا كەلدى قوشۇن شىددەتلىك،
ھەممە ياقنى تىترىتىپ شۇنچە سۈرلۈك ھەيۋەتلىك.
شۇ چاغ سەپنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى بىر يىگىت،
دېدى: دوستلار كۈرەشتە زورۇر بىزگە پەمۇ ـ دىت.
يامۇل ئىچرە كىرمەيلى كۈتۈپ تۇرار خەۋپ ـ خەتەر،
قان ژىلدىشىپ تۇرۇپتۇ ئەنە يۈزلەپ قان ئىچەر"
راست دېگەندەك ئوگزىگە پىلىموتلار بەتلىنىپ،
تۇرۇشاتتى چېرىكلەر بۇيرۇق كۈتۈپ رەتلىنىپ.
تۇرار ئىدى يۈز بىرىش ئالدىدا بىر پاجىئە،
گەر يۈز بەرسە بولاتتى ئېغىر، قانلىق ۋەقىئە.
دېدى يىگىت: "مەشـەدە تاپشۇرايلى تەلەپنى،
چىقىپ كورسۇن لويىلار ـ بۇ قوشۇننى، غەزەپنى.
دوتەي ئوزى ئاممىغا ۋەدە بەرسۇن تىل بىلەن،
ئورۇنلاشقا تەلەپنى ـ قەسەم ئىچىپ دىل بىلەن."
يىگىت سەپنىڭ ئالدىدا خۇددى مەزمۇت چوقىدەك،
تۇرار ئىدى سوز سوزلەپ پىلىموتنىڭ ئوقىدەك.
شۇندا قاراپ تونۇدۇم ، راخمان ئىدى بۇ ئوزى،
ئەنە چىنار قامىتى ماڭا تونۇش يۈز ـ كوزى.
دېدىم:"دىلدىن ئاپىرىن، ساڭا باتۇ ئارسىلان!"
ۋۇجۇدۇمنى ـ قەلبىمنى چولغاپ چەكسىز ھاياجان.
مەغرۇرانە تۇرار ئۇ ـ خۇددى بوران بۇركۈتى،
تۇرار مەزمۇت خاتىرجەم ـ بولغاچ خەلق ئۇلپىتى.
ياڭرار ئىدى سەپ ئارا قايناق شۇئار ساداسى،
ياڭرار ئىدى خەلقىمنىڭ ئۇمىت ئارزۇ جاكاسى:
"مۇستەبىتلىك قاپقىنى پاچاقلانسۇن، چېقىلسۇن،
خەلقىمىزگە ئەركىنلىك ئىشىكلىرى ئېچىلسۇن.
چىقىرىلسۇن ئادالەت ھەغدالىرى تۇرمىدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قۇتقۇزۇلسۇن بىزگىنلا قاتىللارنىڭ زۇلمىدىن،
يوق قىلىنسۇن خەلقىمىز ئۈستىدىكى تەقمپلەر.
جازالانسۇن "قىزلاقلار" ① قانخور، رەزىل رەقمپلەر.
كېرەك بىزگە ئەركىنلىك، كېرەك بىزگە ساپ ھاۋا،
كېرەك بىزگە سائادەت، كېرەك بىزگە خۇش ناۋا.»

چىقتى دوتەي يامۇلدىن باشنى سىلىپ ئىگىلىپ،
كەلدى سەپنىڭ ئالدىغا تۇلكە كەبى ھىجىيىپ…
دىدىم شۇندا خەلقنىڭ كۈچى ھەجەپ زور ئىكەن،
خەلق كۈچى ئالدىدا ھەممە نەرسە پور ئىكەن.
قولدا بىر تال تاياقنىڭ ئوشتۇلمىغى بەك ئاسان،
مۇجەسسەمى تاياقنىڭ ئوشتۇلمايدۇ ھىچ قاچان.
دېگىز تولار تامچىدىن، قۇم يىغىلىپ تاش بولار،
بىر نىيەتلىك بىر قوشۇن يېڭىپ بولماس كۈچ بولار.
بولسا ئەگەر شىجائەت قايسى خەلقتە-مىللەتتە،
قالمايدۇ ئۇ ھەرگىزمۇ ئاسارەتتە، كۈلپەتتە.
تەپ تارتىدۇ بورىمۇ ھامان ئۈستا مەرگەندىن،
قان شورايدۇ پاشىمۇ جىم تۇرۇپ قان بەرگەندىن.
ئەرك ئىشقىدا ئەل بۈگۈن چىقتى مانا سەپ بولۇپ،
ئاقتى غەزەپ دولقۇنى ئەزىم دەريا سەل بولۇپ…

ئىككى تۇتاش قەلب ئىدۇق راخمان بىلەن ئىككىمىز،
تۇتاش ئىدى قوش ئىدى، ئۈمىت - ئارزۇ، پىكرىمىز.
مانا بۈگۈن جەڭگىۋار جەڭچى بولۇپ بىر جەڭدە،
غالىبانە ئۇچراشتۇق "بىر سەھنىدە، مۇنبەردە".
شۇنداق بىر كۈن كىلىدۇ ۋەتىنىمىنىڭ گۈل بېغى،
چومۇلىدۇ بەختىگە، ئۇچرىشارمىز بىز تېخى.
نۇر چاچىدۇ بۇ دۇنيا قىزچىغىدا ئادالەت،
بايرام قىلىپ توي ئويناپ بىز تاپارمىز كامالەت.
زەپەر قىزچىزپھەر سەپتە دەۋران سۈرۈپ ئىشلەيمىز،
ئانا ۋەتەن باغرىنى قىزىل گۈلگە پۈركەيمىز.

1957 - يىلى ئاتۇشتا يېزىلدى.
1983 - يىلى قەشقەردە تۈزۈتۈلدى.

① قۇلاق- ئىشپىيون



# كاسىپ

(ھېكايە)

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

بازارلەرنىڭ ئاۋاتلىقى بىلەن يېقىن -يەراقتا داڭقى كەتكەن بۇ شەھەرنىڭ قەدىمىي تار كوچىلىرىدا ئاخشام بىلەن تاڭنىڭ ئارىلىقى بەكمۇ قىسقا، شەنبىنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى تامامەن بېسىقىپ كەتمىگەن بۇنداق كوچىلاردا تاڭ تېخى ئاقارماستىن بۇرۇن يەكشەنبىنىڭ شەپىسى ئاڭلىنىشقا باشلايدۇ. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە زىچ جايلاشقان ئاپتوۋۇزلارنىڭ ئۇچاقلىرىدا تورتەپ تۇرغان چۆچۆلەر ئۈستىگە بىر قۇچاق يۇلغۇن قاخشىلى تاشلىنىدۇ-دە، پاكار - پاكار تۈرخۇنلاردىن ئاپپاق ئىس ئۆرلەيدۇ. شاگىرتلارنىڭ پىياز ۋە سەۋزە توغرىغان تاق - تۇقلىرىدىن ئىۋىغىنىپ كەتكەن چېرچىن مال دۇكانلىرىنىڭ ئىگىلىرى تاختايدىن قىلىنغان بوتكىلىرىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈشكە تۇتۇش قىلىدۇ. يوتكىمە بىرزىنت لەمپىلەر ئاستىدا تۇنۇگۈنكى سودىسىنىڭ بەرىكىتى سەۋەبىدىن تاتلىق چۈش كۆرىۋاتقان باققاللار، ئاچچىق - چۈچۈك ساتقۇچىلار ئىتتىرىپ ئۇتكەن ياغاچ چاقلىق يوغان

هارۋىنىڭ تاراق - تۇرقىدىن سەگەكلىشىپ گازۋايلىرىنى يېقىشقا، مۆۋە - چېۋىلىرىنى رەتلەشكە باشلايدۇ.

بامدات نامىزىدىن يانغان ياكى بىرەر زىيارەت بىلەن بۇ كوچىدىن ئۆتكەن تۇنجى يولۇچى پولو - مانتىلارنىڭ لەززەتلىك پۇرىقى گۈپۈلدەپ تۇرغان هاۋادىن نەپەس ئالىدۇ ۋە ئىشىكلىرى ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان پەشتاملىق ئۇستىلارنىڭ هەر قانداق قوشاقچىلاردىن قىلىشمايدىغان يېقىملىق تەكەللۇپلىرى بىلەن ئۆز هۈنىرىنىڭ باش - بۇرنىغا جەلپ ئېتىلىدۇ.

ئاۋغۇست ئاسمىنىدىكى قۇياش شەهەرنىڭ شەرقىدىكى كاتتا مىچىت مۇنارىنىڭ ئۇچىدا چاقناۋاتقان چاغ. يەكشەنبە بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، بۈگۈن بازار شۇنچىلىك قىزىپ كەتكەن ئىدىكى، كوچىدا داۋالغۇۋاتقان دوپپىلىق ئادەملەر ئۇستىدىن يىڭنە تاشلانسا يەرگە چۈشمەيتتى. ئۆز ماللىرىغا خېرىدار چاقىرىۋاتقان، مانتۇ ساناۋاتقان، نەرقى - ناۋائۇستىدە بەسلىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاۋازلىرى جاراڭلىق بازار سىمپونىيىسىگە ئايلىناتتى - دە، سۇس توپا - چاڭلارغا قوشۇلۇپ شەهەر ئاسمىنىغا ئۆرلەيتتى.

دەل شۇ چاغدا، ياغاچ ۋە كېسەكلەر بىلەن سېلىنغان ئېگىز بالىخانىلىق ئۆيلەر ئارىسىدىكى تار كوچىدا كىچىكرەك كەلگەن كاۋاپدانى مۇرىسىگە سالغان پۈرمىلىرى مەهكەم قۇرۇلغان بوز خالتىنى ئوڭ قولىدا كۆتىرىۋالغان ئوتتۇرا بويلۇق، بىر چار ساقال كىشى مەركىزى كوچىغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ هايال ئۆتمەي كوچىغا كىردى - دە، هېلىقى ئەرسىلىرىنى كوتەرگەن پېتى مۆۋىلەر ۋە مۆۋە سۇۋەتلىرى بىلەن تام قوپۇرۇلغان كوچىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى ئارىلاشقا باشلىدى. ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىن بەكمۇ ئېهتىيات بىلەن ئۆتەتتى. قەيەرلەردىندۇ، ئادەم پاتقىدەك يوچۇق ئېچىلىشىنى كۈتۈپ بىر هازا تۇرۇپمۇ قالاتتى. ئۇ، ئۇششاق قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتقىنىدا مۇرىسى ياكى مۇرىسىدىكى كاۋاپدانىنىڭ كەينى بىرسىگە ئاللىكىملەرگىدۇ يېنىك تېگىپ كەتكۈدەك بولسا دەرهال جايىدىلا توختاپ: "خاپا بولمىسىلا، ئەيىۋىمنى كوڭۈللىرىگە ئالمىسىلا" دەپ ئەپۇ سورايتتى. هەتتا بۇنداق كىچىككىنە كوڭۈلسىزلىك باشقىلارنىڭ بىخەستەلىگى سەۋەبىدىن يۈز بەرسىمۇ ئۇ يەنىلا ئەپۇ سوراشنى قولدىن بەرمەيتتى.

— هوي ئابدۇمۇمىن ئاكا، بۇياققا كەلمەملا!

ئابدۇمۇمىن ئاكا كېتىۋېتىپ ئۆزىنى چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلىدى - دە، بېشىنى كوتىرىپ قارىدى. تونۇش ئاۋاز ئۇن قەدەم نېرىدىن كەلگەن ئىدى. ئۇ كىشىلەر توپىنى تەسلىكتە يېرىپ ئۆتۈپ، خەسە سايىۋەنلىك، تۆت چاقلىق چوڭ هارۋىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. قالغاچىنىڭ قانىتىدەك قارا قايرىما بۇرۇتلۇق 35 ياشلار چامىسىدىكى سادىر، چىرايلىق چىنىلەرگە سېلىنغان ئاش لەڭپۇڭغا ئۇزۇن ساپلىق قوشۇق بىلەن تەم تەڭشىگۈچى سۇيۇقلۇقلارنى ئۇستىلىق بىلەن چاچقاندىن كېيىن، ئالدىدا ئولتۇرغان خېرىدارلىرىغا سۇنۇۋېتىپ، يېنىدا كۈلۈمسىرەپ ئۆرە تۇرغان ئابدۇمۇمىن ئاكىغا دىدى:

— مۇبارەك بولسۇن ئابدۇمۇمىن ئاكا، هۈنەر-پېشە قىلاي دەپتىلىغۇ، دۇكاننى مۇنۇ يېقىنغا ئورۇنلاشتۇرسىلا.

سادىر لەڭپۇڭچى قوللىرىنى پەشتىمىغا ئېرتىۋېتىپ هارۋىسىنى ئوڭ تەرەپكە ئازراق سۈردى ۋە كاۋاپدان پاتقىچىلىك يەر بىكارلىدى. باياتىن بىرى كوچا ئارىلاپ يۈرۈپ تا-

AltunOq

پان قويغۇچىلىك بوشلۇق بولمىغان بۇ بازاردىن كاۋاپدان پاتقىچىلىك يەر تاپالمىغاچقا گۇمانى تۇغۇلغان ئابدۇمۇمىن ئاكا بۇ ئاقكۆڭۈل خوشنىسىغا چىن كوڭلىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، كاۋاپدانىنى ۋە خالتىلىرىنى يەرگە قويدى.

— ئۇكام سادىراخۇن، — دېدى ئۇ كومۇر قاچىلانغان خالتىسىنى يەشكەچ، — ياخشى كوڭلۈڭگە مىڭ رەھمەت، ئاتاڭنىڭ روھى مەدەت بەرسۇن، ئۇزەڭ يېقىنغىچە كاۋاپچىلىپ قىلىۋاتاتتىڭغۇ، ئەمدى بۇگۈن ئاش لەڭپۇڭ سىتىۋېتىپسەن.

— بازار دېمەمسەن بازار، ئابدۇمۇمىن ئاكا، كاۋاپچىلىق ئانچە ئاقمايۋاتىدۇ، — ئۇ ئالدىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقان بىرەيلەننى چاقىرىۋېتىپ جاۋاپ بەردى، — مۇنداق قارىسام مۇشۇ ئوقەتۇ قاملاشمىدىغان ئوخشايدۇ.

ئۇ خېرىدارىغا يەنە بىر قاچا ئاش لەڭپۇڭ سۇنۇۋەتكەندىن كېيىن سوزىنى داۋام قىلدى.

— ئۇزلىرىنى ھۇنەر قىلىدۇ دەپ ئۇخلاپ چۇشۇمگىمۇ كىرمەپتىكەن، قارىسام كاۋاپدانىنى كوتىرىپ كېلىۋاتىدىلا، شۇڭا...

ئابدۇمۇمىن ئاكا خوشنىسىغا يەنە بىر مەرتەم تەشەككۇر بىلدۇرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ سوئالىغا «ئۇيدە بىكار ياتقىچە مىدىرلىغاچ تۇراي دىۋىدىم» دەپ قىسقىلا جاۋاپ بېرىپ، كاۋاپدانىنىڭ لىڭشىپ تۇرغان پۇتىغا خىش پارچىسىنى قىستۇردى.

ئۇ خالتىدىن ئۇششاق — ئۇششاق ئوتۇن كومۇرنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، كاۋاپدانغا بىر — بىرلەپ تىزىپ چىقتى — دە، سەرەڭگە ياقتى. كومۇرگە ئوچەكەشكەندەك ئوت تۇتاشمايتتى. ئۇ پاررىدە قىلىپ كويۇپ بولغان تۇترۇقتىن قالغان 2 تال ئاجىز چوغنى پۈلەشكە باشلاپ، كومۇرنى سويگۇدەك بولۇپ، ئىككى — ئۇچ تال ساقـ

لىنى قۇربان بېرىش ھېساۋىغا ئوتنى يالقۇنجاتقانىدىن كېيىن، زىخلارغا سانچىپ تەييارلانغان مايلىق گوشنى يەنە بىر خالتىدىن چىقىرىپ كاۋاپدان ئۇستىگە توغرىسىغا تىزدى. چوكىغا ئورنۇتۇلغان كاردون قەغەزنىڭ ئاستا پىقىرشى كوكۇش يالقۇنلارنى ئورلىتىشكە باشلىدى. گوشلەر چوغ تەپتىدە گىژىلدىماقتا، ئوز مايلىرىنى چوغ ئۇستىگە تامچىلاتماقتا ئىدى. «لاپ» قىلىپ ئوت ئالغان ماي گوشنى يەنە ئوز يالقۇنلىرى بىلەن كاۋاپ قىلاتتى.

ئابدۇمۇمىن ئاكا چوغنىڭ بەمەھەل ئېرىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، يەلپۇشنى توختۇتۇپ، پىشىپ كەتكەن گوش ئۇستىگە زىرە ۋە باشقا دورا — دەرمەكلەرنى سەپتى.

كاۋاپ پىشتى، ئەمما خوشنىسىنىڭ «كاۋاپچىلىق ئانچە ئاقمايۋاتىدۇ» دىگەن سوزىنى تەستىقلىغاندەك، ھېلىغىچە خېرىدار كەلمەيتتى. ئۇ كاۋىۋىنى ماختاپ ئۇنىڭ بارچە توۋلاپ باقماقچىمۇ بولدى. ئۇ كاسىپلارنىڭ، بولۇپمۇ كاۋاپچىلارنىڭ خېرىدار چاقىرىشقا قوللىنىدىغان قاپىيىلىك سوزلىرىنى تالاي قېتىم ئاڭلىغان. يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغىنىغا قارىماي ئاۋازىمۇ خېلى سوزۇك چىقاتتى. بىراق... بىراق ئوزىنىڭ كاۋاپچىلىق قىلىپ ئولتۇرغان كۇنىمۇ مۇشۇ بۇگۈن. تۇنجى قېتىم كاۋاپچىلىق قىلغان كىشىنىڭ كاۋىۋى قانچىلىك بولماقچىدى؟ تەمى جايىدا تەگشەلدىمۇ؟ تۇزلۇقمۇ ياكى تۇزسىزمۇ؟

ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ كاۋىۋىنى زومۇ — زو ماختىغۇسى كەلمىدى — دە، چوغ ئۇستىدە ئاجىز پىژىلداپ بارغانسىرى قورۇلىۋاتقان گوشكە قاراپ ئىختىيارسىز خىيالغا پاتتى.

ئابدۇمۇمىن ئاكا مۇشۇ شەھەرنىڭ «كىندىكى» دە تۇغۇلدى. دادىسى ئابدىخالىق ئاخۇن تاپقىنى ئوزىدىن ئاشمايدىغان بىر زەرگەر ئىدى. ئۇ، ئومرىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى ئوتكەندە خۇدا بەرگەن تۇنجى شۇنداقلا ئاخىرقى پەرزەنتىگە

www.uyghurkitap.com



تولىمۇ ئامراق ئىدى. بىراق قولىنىڭ قىسقىلىقى ئوغلىنى ئوقۇتۇش ئارزۇسىغا كاشىلا بولدى. «بۇ شەھەردە ھۇنىرى يوق كىشى جېنى يوق» دىگەن گەپكە ئۆز رايى بويىچە چوقۇنىدىغان ئابدىخالىق ئاخۇن ئاخىر ئوغلىنىڭ ئۆزىدىن كېيىن قالغاندىن كېيىنكى ھايات تۇرمۇش كاپالىتىنى ئۆز ھۇنىرىنى مىراس قىلىپ قالدۇرۇشقا باشلىدى. دادىسىنىڭ ھۇنىرى راستىنلا ئوغلىغا مىراس بولۇپ قالدى. دادىسىدىن سەل ئىلگىرىرەك ئانىسىدىن يېتىم قالغان ئابدۇمومىن ئاتا مىراس قىزىل سىغىز چاناق، بىر تال مىس نەيچە، 3 ـ 2 چوڭ كىچىك بولقا، داغىال ۋە جۇپتەك بىلەن مۇستەقىل تۇرمۇش يولىغا قەدەم قويدى. ئۇ ئىشىكى ئالدىدا بىر پارچە بورىنىڭ ئۈستىدىلا ھۇنەر قىلاتتى. زىرە، ئۈزۈك ۋە ياكى بىلەيزۈك ياساپ ساتقىدەك ۋەجى تۇگۇل، تولۇقراق سايمىنى بولمىغان بۇ بالا زەرگەر ئەتىدىن كەچكىچە چاناق ئالدىدا دۈمچىيىپ ئولتۇراتتى. مىس نەيچە بىلەن ئوت پۈۋلەۋىرىپ، قوۋۇزلىرى ئاغرىپ، باشلىرى قېيىپ كېتەتتى. خېرىدارلارنىڭ چۇلۇگى ئۈزۈلگەن زىرىلىرىنى، چىچىمگى ئاجراپ كەتكەن ھالقىلارنى ياساپ بىرەتتى. ئۇ 20 ياشقا كىرگەن يىلى ئەتىيازدا مىستىن ياساتقان ئۈزۈگىنى ئوگىشىتىش ئۈچۈن كەلگەن بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدى ۋە دەرھال ئەلچى قويۇپ ئاددىلا توي قىلىۋالدى. ئابدۇمومىننىڭ تاپقان ـ تەرگىنى 2 جانلىق بۇ كىچىك ئائىلىنى باياشات تۇرمۇش تەلەۋگە يەتكۈزەلمىسەمۇ، لېكىن ئائىلە ئەزالىرى ئىناق ۋە كوڭۇللۇك ياشايتتى. كېيىن ئۇلار بىر ئوغۇللۇق بولۇپ قالدى. يېڭى ھوكۇمەتنىڭ مەدەت بىرىشى ئارقىسىدا ھۇنىرى ئېچىپ، ھال كۇنىمۇ بارا ـ بارا ياخشىلاندى.

بىراق، يەنە بىر قىز پەرزەنت دۇنياغا كوز ئاچتى، ئوغلى تۇرغۇنجان بولسا 13 ياشقا كىرگەن يىلى قاغىش تەككۇر ئىنقىلاپ بۇ ئائىلىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. جان ـ جىگەر ئوغلى ناھەق ''ئولتۇرۇلدى. بۇ ئائىلىدىكى قالغان ئۈچ جان ئۇزاق ـ ئۇزاقلاردىكى يېزىغا تارقاقلاشتۇرۇلدى...

ـــ ئابدۇمومىن ئاكا، كاۋاپ كويۇپ تۇگەپ تۇگەي دىدى!

ئۇ ياش لەگۇپۇگچىنىڭ ئاگاھ بىرىپ ئېيتقان سوزى بىلەن تەڭ بېشىنى كوتەردى ـ دە، پىشىپ ئوتۇپ كەتكەن كاۋاپلارنى چوغدىن ئىرىراق شۇرۇۋېتىپ خىيالىنى يەنە ئۇز ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى.

تۇرغۇنجاننىڭ دەردى بىلەن كىسەلگە مۇپتىلا بولغان ئايالىنىڭ قەۋرىسى ئەشۇ يېزىدا قالدى. ئۇنىڭ ئەشۇ چەت يېزىدا تارتقان ئازاپلىرى ھېچقاچان يادىدىن چىقمىغىنىدەك، شەھەرگە قايتىپ ئورۇنلۇشۇشقا مۇمكىن بولىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان قۇتلۇق كۈنۈ ئىسىدىن چىقمايتتى. ئۇ بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ئوزى تۇغۇلۇپ ئوسكەن شەھەرگە قايتىپ كېلىپ قىزىنى يېتىلگەن پېتى ئەسلى ئوي ئالدىغا كەلدى. ئەمما كېلىپلا ئوزىنىڭ ئەمدى ماكانسىز قالغانلىقىغا تامامەن ئىشەندى. ئۇ چىقىۋېتىلگەن ئوي ئورنىغا سېلىنغان 3 قەۋەتلىك ئىمارەتنىڭ بوسوغىسىدىن ئاتلىيالايتتىمۇ؟

ئافكوگۇل كىشىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، ئابدۇمومىن ئاكا نەق ئىككى يىلدىن كېيىن چىقىۋېتىلگەن ئاتا مىراس ئىككى ئېغىز ئوينىڭ پۇلىنى ئالدى ۋە شۇ پۇلغا ھازىرقى بىرلا ئېغىز ئوينى بىر تۇپ قېرى ئاموت دەرىخى بىلەن قوشۇپ سېتىۋالدى. ئىككى جاننىڭ كېيىنكى تىرىكچىلىكى ئوي پۇلىدىن بىر قانچە ئون يۈەن ۋە ئاھالە كومىتېتىدىن

بېرىلگەن كىچىككىنە يارىدەمگە باغلىق بولۇپ قالغان ئىدى . كۆڭلەر ئۆتكەنسىرى كىرىدىسىز ئائىلىنىڭ ۋەجىي قۇرۇغدىلىشقا باشلىدى . «ھازىر سىياسەتمۇ كەڭرى بولۇپ قالدى، دىيىشىۋاتىدۇ خەلقلەر» دەپ ئويلىدى ئابدۇمۇمىن ئاكا ۋە زەرگەرلىك ھۈنىرىنى ئېسىگە ئالدى . ئۇ تونۇش زەرگەرنىڭ دۇككىنىغا بېرىپ ئۆزىنى سىناپ كۆرۈۋىدى ، ئۆزىگە ئۆزىنىڭ بىر سىركىسى ئىككى مۇنچاقنىڭ ئەگمەچ چۈلىگى ھالقىسىمان بولۇپ كورۇنۇشكە باشلىدى . «كوزۇم تۇگەپتۇ» دىدى ئۇ ئوز - ئۆزىگە ، يېزىدا تارتقان دەرتلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ ، مۇشۇ كۆڭلەردە يالغۇز قىزى ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىش ئالدىدا تۇراتتى. ئالى مەكتەپكە كىتىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇ قىزىنى ئۇزاتقان چېغىدا ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپلا تۇرسۇنمۇ ؟ ئەگەر بىرەر قۇر يېڭى كىيىم قىلىپ بېرەلمىسە ، ئانىسىنىڭ يوقلىغى قىزىغا ئەلەم قىلماسمۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ جان تومۇرى ئەمەسمۇ ؟ پۇل ، پۇل كېرەك ، پۇل بولسا تۈگەۋاتىدۇ .

ئابدۇمۇمىن ئاكىنىڭ بەختى تەقدىر تەرىپىدىن ئوگەيلەنگەن ھەتتا ئۆزىگە تېگىشلىك تەقدىرمۇ ھامان ئۇنىڭدىن چەتنەپ ئوتۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ تەقدىر بىلەن يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ ئېلىشىشنى خالىمايتتى، بەلكى كاج تەقدىر بىلەن چىرايلىقچە كېلىشىش كېرەك ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ كوڭلىنى ئاغرىتىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلغاندەك، تەقدىرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىنمۇ ئېھتىيات قىلاتتى . ئۇنىڭچە جاھاندىكى ھەر قانداق چېگىشمۇ ياخشىلىق بىلەن يېشىلىشى ، ھەر قانداق يامانلىقمۇ ياخشىلىق بىلەن تۈگىتىلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى .

قايسىبىر كۈنى ئۇ ئىشىگى ئالدىدا ئاپتاپ سۇنۇپ ئولتۇرۇپ خۇشنا بىرۋايلارنىڭ «ھازىر سىياسەت ياخشىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ» دىگەن سوزلىرىگە «تەقدىرنىڭ سارائىلىغىمۇ ئوڭلىنىپ قالارمۇ ؟ » دەپ سوئال قويغان ئىدى . بۇ ئۇنىڭ پۈتكۈل ئومرىدە تۇنجى قېتىم تەقدىر توغرىسىدا ئېھتىيات ، ئىززەت بىلەن سوز ئېچىشى ئىدى .

تۇنۇگۈن ئۇنىڭ مىڭىسىگە بىر خىيال كېلىپ كەلدى . ئۇ ئائىلىدە زورۇر مۇقىم مۇلۇك بولۇپ ھېسابلىنىدىغان كونا تۇنىكا مەشنى كېلەپ تاراڭشىتىپ چىقتى .

ئەڭ ئاخىرقى بىر قانچە تىزا پۇلىغا يۇقۇرى باھالىق گوشتىن 5 جىڭ سېتىۋالدى. تۇۋىگە خېلى چوڭقۇر ئازگال كولاپ ، يىلىبويى سۇغىرىپ باققان بولسىمۇ ، بىرەر تال مىۋە بەرمىگەن ئامۇت دەرىخىنى يىقىتىپ كومۇر قىلدى. بۈگۈن ئەتىگەندە تولۇق سوۋۇپ ئۆلگۈرمىگەن كومۇرنى ئېلىپ بازارغا چۈشكەن ئابدۇمۇمىن ئاكا ، قەدەملىرىنى ئىتتىكلىتىپ باققان بولسىمۇ ، خېرىدارلىق جايدىن ئورۇن ئېلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغان ئىدى .

ئاش لەڭپۇڭچى خوشنىسىنىڭ «مېھمان كەلدى، مېھمان!» دەپ ئاگاھ بېرىش بىلەن تۇيۇقسىز خىيالىنىڭ بىر بەندىگە يەتكەن ئابدۇمۇمىن ئاكا دەرھال ئالدىغا قارىدى. ئۇ كوردىكى ، كاۋاپدانىنىڭ ئۇ تەرىپىدە پاكىز سۈرتۈلگەن خۇرۇم ئاياق كىيگەن پۇتلىرىنىڭ بىرىنى كىچىك ئورۇندۇق ئۈستىگە ئالغان ئىككى بالا ئورە تۇراتتى . ئۇلار خېرىدارلارنى چىرايلىق سوزلەر بىلەن تەكلىپ قىلىش ئۇيانقىتا تۇرسۇن ، ئوزى كەلگەن خېرىدار بىلەنمۇ كارى بولمايدىغان ، تازىم قىلىپ ، كۆچۈكلىنىشنى ئۇقمايدىغان بۇ دىتسىز كاسىپقا نارازى بولغاندەك قارا كوزەينەك كەينىگە

www.uyghurkitap.com



يوشۇرغان كوزلەرنى ئۇدۇل ئابدۇمومىن ئاكـ
غا تىككەن ئىدى .

— قېنى ئۇكىلار، ئولتۇرۇڭلار ، قانچە زىخ
بېرەي ، — دىدى . ئابدۇمومىن ئـاكا قولىنى
دورا — دەرمەكلەر قۇتىسىغا ئۇزىتىۋىتىپ.

يىگىتلىك يېشىغا يەتكەن ئىككى خېرىدار
كوزەينەكلەرنى تەڭلا قوللىرىغا ئېلىپ بىر —
بىرىگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈشتى — دە ، مەنـ
ستىمىگەن ئاھاڭدا دىدى :

— ئون زىخ كاۋاپقا مۇشۇك ئامىن دەمدۇ؟
خېرىدارىڭنىڭ بارىدا يەنە يىگىرمىنى باسىامـ
سەن بوۋاي!

ئابدۇمومىن ئاكا ئۇلارنىڭ توڭ گەپلىرىنى
كوڭلىگە كەلتۇرۇپمۇ قويىمىدى . "خېرىدار
دىگەن پۇل تولىگۇچى ، ئۇلار ئەلۋەتتە گەپنى
چوڭ قىلىش كېرەك» دىگەنلەرنى كوڭلىدىن
ئوتكۇزگەچ بىر قولىدا كاردون قەغەزنى بولۇـ
شىغا پىقىرىتىشقا ، يەنە بىر قولىدا يىڭىۋاشـ
تىن يالقۇنجاۋاتقان چوغ ئۇستىگە كاۋاپ بېـ
سىشقا باشلىدى.

شەتلەڭگۇ كوينەك كىيىۋالغان (ئۇ شەتلەڭـ
گۇ دەپ ئويلىدى) ، كىچىككىنە بۇرۇتلىرى
بار خېرىدارلار سىبرىپ — سىبرىپ كاۋاپ يەـ
ۋەكتە ئىدى . ئۇلار ئورۇندۇق ئۇستىگە قويۇـ
ۋىرىپ تېلىپ كەتكەن پۇتلىرىنى دەم — دەم
ئالماشتۇرغىنىدا كەڭرەك كەلگەن شىم پۇشقاقـ
لىرىغا كوزى چۇشكەن ئابدۇمومىن ئاكا سەل
قىزىقىسىنىش ھېس قىلدى — دە، ئـوز — ئوزىگە
پىچىرلاپ "سىياسەت ياخشىلاندى دىگەن گەپ
بىكار ئەمەسكەن — دە» دەپ قويدى .

— بىر زىخى قانچە پۇل؟ — دەپ سورىدى
قولىنىڭ كەينى بىلەن ئاغزىنى سۇرتىۋاتقان
يىگىتلەرنىڭ بىرى . ئابدۇمومىن ئاكا ئۇلارـ
نىڭ سوئالىغا نىمە دەپ جاۋاپ بەرىسە ياخـ
شى بولىدىغانلىغىنى ئويدانلا بىلەتتى .

ئۇ پۇلنىڭ سانىنى ئۇدۇللاپ ئېيتىشنى ئەدەپـ
سىزلىك دەپ ھىساپلاپ ، بازار نەرقى ئۇكـ
لىرىم ، — دىدى .

ھېلىقى يىگىتلەر بىر — بىرىگە يەنە بىر
كوز بېقىشتى — دە، بويى سەل پاكارراق كەلـ
گەن بىرى كېسىپلا ئېيتتى :

— جەمئى 20 زىخ كاۋاپ يىدۇق ، شۇنـ
داقمۇ ؟ 5 پۇڭدىن بولسا ھەممىسى بولۇپ ...
پۇل . ئۇ،توش يانچۇغىغا قـولىـنـى سېـ
لىۋىدى ئابدۇمومىن ئاكا سەل — پەل ئالـ
دىراپ قالدى :

— ھەممىسى بولۇپ 30 زىخ ، ھەر نەرسـ
نىڭ ئوز نەرقى بار ئۇكىلىرىم، بىر زىخى بىر
موچەندىن بولغىنىدا...

— نىمە دەيدۇ — بۇ ؟ — دىدى ئىگىزرەك
كەلگەن بىرسى پاكار ھەمرايىنى پۇل تولەشـ
تىن توختىتىۋېلىپ، ئۇ ئاغنىسىغا قاراپ كوـ
زىنى چۇمچەكلىدى — دە ، كورەڭلىگەن ئەلـ
پازىدا سامان تىقىلغاندەك چىڭ تۇرغان ساغـ
رىسى ئۇستىدىكى چاپلىما يانچۇقتىن شارت
قىلىپلا 10 كويلۇق پۇلدىن بىرنى سۇغۇرۇپ،
ئابدۇمومىن ئاكىنىڭ كوزىگە تەڭلەپ تۇـ
رۇپ دىدى :

— بەتتام كاۋىۋىڭنىڭ بىر زىخىنى بىر مۇـ
چەندىن ساتماقچىمۇسەن ؟ بوپتۇ ، ئۇنداقتا
نوچى بولساڭ مۇشۇ پۇلدىن ئـاشقىنىنى ھاـ
زىرلا قايتۇرۇپ بەر . بىزنى ھايال قىلىپ
قويىدىكەنسەن 5 پۇڭدىنمۇ قۇرۇق قالىسەن!

ئابدۇمومىن ئاكىنىڭ بېشىغا تاغ يىقىلغانـ
دەك بولدى . تېخى سودا قىلمىغان تۇرسا ،
پۇلنىڭ ئاشقىنىنى قايتۇرۇپ بەرگىدەك پۇل
ئۇنىڭدا نىمىش قىلسۇن ؟ 5 پۇڭدىن سېتىشقا
ماقۇللۇق بىلدۇرۇپ بۇ تەڭلىكتىن بىر يولى
قۇتۇلسۇنمۇ؟

بۇ پۇلنى تۇتقان يىتى گاڭگىراپ تۇرۇپ

قالدى. دەل شۇ ئەسنادا بۇ خېۋەردارلارنىڭ يولسىزلىقىغا خېلىدىن بېرى كۆز سېلىپ تۇرۇۋاتقان ئاش لەڭپۇڭچى سوزگە ئارىلاشتى:

— يىگىتلەر، ئىزا تارتساڭلار بولمامدۇ؟ بازار نەرقىدە بىر زىخ كاۋاپنىڭ باھاسى بىر موچەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، 5 پۇڭدىن تولەيمىز، دەۋاتىسىلەر، ئۇستى - بېشىڭلارغا قارىسا ھالىڭلارنى ئات تارتالمايدۇ، يەنە بەش پۇڭ ئۇستىدە ئىناۋەتىڭلارنى يەرگە ئۇرۇۋاتىسىلەر.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان خېۋەردارلار چىچاڭشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىرى پوكانىدەك ئېسىلىپ تۇرۇپ دېدى:

— ھە، نىمە دەيسەن ئەبگا لەڭپۇڭچى؟ ھالىمىز نىمە بوپتۇ؟ بىلەمسەن بۇنىڭ ئوزى 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى، نىمە كەيسەك كىيىمىز ... نىمە ...

جىدەلدىن چەتتە قېلىپ 10 يۈەنلىك پۇلنى قوش قوللاپ تۇتقىنىچە، بۇ كوڭۇلسىزلىكنى كوڭلىگە سىغدۇرالمايۋاتقان ئابدۇمومىن ئاكا "ئەسىر" دىگەن گەپنى ئاڭلاپلا چۇچۇپ كەتتى.

"ئەسىر" دەۋاتامدۇ ئۇلار؟ "ئەسىر" دىگەن سوز چىققىشى بىلەنلا قۇلىقى تۇۋۇدە بولۇۋاتقان جىدەلنى ئۇنتۇغان ئابدۇمومىن ئاكىنىڭ خىيال كەپتىرى پۇررىدە قىلىپ 10 نەچچە يىلنىڭ ئالدىغا ئۇچۇپ كەتتى.

ئۇ چاغلاردا ئوقۇش توختاپ كەتكەنلىكى سەۋەپلىك تۇرغۇنجان مەكتەپكە بارمايتتى. كوچىلاردا بولۇۋاتقان جەڭگى - جىدەللەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان شۇ كۈنلەردە ئابدۇمومىن ئاكا ئۇنى تاشقىرىغا چىقارمايتتى. بىر تىمىنلىق كىردىي ياكى پۇللۇقراق بىرەر يارەمچىسى بولىدىغان بۇ توت جانلىق ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى قىيىنلىشىپ، قوناق ئۇنى ئالغان خالتىسىنىڭ تۈۋى كورۇنەي دەپ قالغان كۈنى تۇرغۇنجان ھېچكىمگە تۇيدۇرماي تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. ئەر - خوتۇن ئىككەيلەن پەرىشانلىق ئىچىدە ئۇنى كۈتتى. ئوغلىنىڭ كېچىسىمۇ قايتمىغانلىقىدىن ئەندىشىگە چۈشكەن ئابدۇمومىن ئاكا قاتىرىمىغان كوچا، بارمىغان رەستە قالمىدى.

3 - كۈنىگە كەلگەندە ئاندىن تۇرغۇنجاننىڭ پارتىدىشى ئىمامەمەتنىڭ دادىسىدىن بىر شۇم خەۋەرنى ئاڭلىيالىدى. شۇ چاغدا ئىمامەمەتنىڭ دادىسى يىغلىمسىراپ تۇرغان ئابدۇمومىن ئاكىغا، ئائىلىلىرىنىڭ تىرىكچىلىكى ئۇچۇن كويۇپ - پىشىپ يۇرگەن باللار ئوزى بەرگەن ئازغىنە دەسمايە بىلەن ئارقا كوچىدا كاۋاپچىلىق قىلىۋاتقىنىدا مىنبەڭلار تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنىپ كېتىپتۇ دىگەن ئىدى. ئۇلار شۇ كۈنى ئەتتىگەندە رەھىمسىز كىشىلەر تەرىپىدىن "ئەسىر" ئېلىنىپ سولانغان ئويدە ئىس ئېلىپ كېتىپ قازا قىلغان باللىرىنى ئېلىپ كېلىشكەن. ئەشۇ مۇدھىش پاجىئەنىڭ تۇنجى خەۋىرى بولغان "ئەسىر" دىگەن بۇ سوز بەختسىز ئاتىنىڭ يۇرەك قېتىدا تا ھېلىغىچە ئوچۇق ساقلىنىپ تۇراتتى.

ئابدۇمومىن ئاكا "ئەسىر" دىگەن دەھشەتلىك سوزنى ئىچىدە يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى - دە، 30 زىخ كاۋاپنىڭ مەردىن ۋاز كېچىش قارارىغا كەلدى. ئۇ قولىدا يېنىك تىترەۋاتقان پۇلنى ھېلىقى ئىككى خېۋەردارنىڭ ئوزىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، ساقلىتىپ قويغىنى ئۇچۇن ئۇزرە ئېيتماقچى ئىدى. بىراق، جىدەلنىڭ خېلى يوقۇرى باسقۇچىغا بېرىپ قالغان ئاش لەڭپۇڭچى ۋە ئىككى خېۋەردارنىڭ ئەتراپىغا ئادەم ئولىشىپ قالغان. ئۇلارنىڭ قوللىرى بىر - بىرىنىڭ ياقىسىدا

ئىدى . شۇ ئەسنادا كىمدۇ بىرىنىڭ «ساقچى كەلدى» دېگەن سۆزى ئاڭلىنىۋىدى ، خېرىدارلار ئويلىمىغان يەردىن بىردىن يۇۋاشلاپ قالدى - دە ، نەپرەتلىك قاراشلار ئارىسىدا ئاش لەگىۈچىنىڭ ياقىسىدىن قولىنى بوشىتىپ غىپلا قىلىپ تىكىۋەتتى .

توپ تارقالدى. بىراق ئابدۇمۇمىن ئاكىنىڭ بېشىدىكى تاغ ئۈستىگە يەنە بىر تاغ يىقىلدى . چۈنكى ئۇ ئىگىدارچىلىقىدىن ئۇششۇق بولغان ، ئەڭ مۇقەددەس ھېسابلىنىدىغان «كىشى ھەققى » ئۇنىڭ قولىدا تىتىرەپ تۇراتتى . ئۇ ۋاقىراپ باقتى ، ئالقىنىنى كۆزى ئۈستىگە سايىۋەن قىلىپ خېرىدارلار كەتكەن تەرەپكە قاراپ باقتى. خوشنىسىنىڭ «خەجلە ئاكا ، خۇدا بەردى دېگەن مانا مۇشۇ » دېگەن تەكلىۋىنىمۇ كۆلۈپ تۇرۇپ رەت قىلدى.

دېمىسىمۇ ئابدۇمۇمىن ئاكا خېرىدارلار تاشلاپ كەتكەن پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ ، لاقالۇقىلىرىنى كۆتىرىپ ئادەم دېڭىزىغا شۇڭغۇپلا كەتسە ھېچكىم ئۇنىڭغا نەزەر كۆزىنى سالماس ئىدى . ئەمما بۇنداق ئويى خىيالىغىمۇ كىرىپ باقمىغان بۇ كاسىپ چوغلىرى ئاخىرقى ھارارەتلىرىنى چېچىپ بولۇپ ئاپپاق كۈلگە ئايلىنىۋاتقان كاۋاپدان ئالدىدا ئۇن يەنىلىك يېپ - يېڭى پۇلنى ئىككى قوللاپ تۇتقىنىچە ئورە تۇراتتى . ئۇنىڭ شالاڭ ، ئەمما ئۇزۇن مويلۇق قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرى مىغ - مىغ ئادەملەر توپى ئۈستىدە يۈگرەيتتى . ئۇ ئىشتانلارنىڭ پۇچقىقىغا پۈتۈن زېھنى بىلەن سەپ سالاتتى . كۆز ئالدىدىن ئۈستىگە كالاچ ئاپلىۋالغان چىرايلىق مەيسىلەر ، ھەر رەڭدىكى شىبلىتلار ، ئىگىز - پەس پاشنىلىق توپلىلەر ، ئوتۇكلەر ، سەندەل كالاچلار توختىماي ئۆتەتتى . ئايىغى ياندۇرۇلغان ئادەتتىكى پۇشقاقلار ، گۈللۈك رەڭدار پۇشقاقلارمۇ ئۇنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. پەقەت ئابدۇمۇمىن ئاكىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغان ھېلىقى پۇشقاقلار كۆرۈنمەيتتى .

ئۇ ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى كۆزىتىۋېتىپ كۆزلىرى خىرەلىشىشكە باشلىغان چاغلاردا ئۆز قولىغا خۇددى ئوتتەك ھارارەت بىلەن تەسىر قىلىۋاتقان پۇلغا قاراپمۇ قوياتتى. چۈنكى ئۇنىڭ قولىدا ئۇن نەچچە يىلدىن بىرى پەقەت باشقىلارنىڭلا ئىلكىدە تۇرغاندا كۆرۈشكە مۇمكىن بولىدىغان پۈتۈن سورۇن ئۇن يەنىلىك پۇل بار ئىدى .

ئىنسانىنىڭ ھەر قانداقىغا ئوخشاش، ئابدۇمۇمىن ئاكىمۇ پۇلنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ھەمىشە يېنىدا مۇشۇنداق ئۇن يەنىلىكتىن ئون دانىلاپ ، ھەتتا يۈز ... مىڭ دانىلاپ بولۇشنى ياقتۇراتتى . ئۇ پۇل ئۈستىدىكى رەسىملەرگە قاراپ ئويلىنىپ قالاتتى ۋە « پۇلغا رەسىمى سىزىلغان كىشىلەر ئەڭ باي ئادەملەر بولسا كېرەك» دەپ يەكۈن چىقىراتتى . شۇ تاپتا «باي» ئادەملەرنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن بىر پارچە پۇل ئۇنىڭ قولىدا ئىدى . ئۇ ئادەتتە خەجلىنىۋاتقان پۇلنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان بۇ بىر پارچە پۇلنى ئۆيىگە ئېلىپ قايتسا ، ئۆز ئاتىسى قولىدا ئۆزى تۇغۇلغاندىن بىرى ئەنە شۇنداق سېھىرلىك پۇلنىڭ ئەڭ چوڭىنى كۆرگەن قىزى قانچىلىك خوشال بولۇپ كېتەر ئىدى ! ؟

قايناق بازارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈۋېرىپ كۆزى تالغان قۇياش غەرپ تەرەپكە قىسايدى . سودىلىقلىرىنى تۈگىتىپ ، قۇرۇق سىۋەتلىرىنى ئېشەكلىرىگە ئارتىشىپ ئۆيىگە قايتىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەر ئۇن يەنىلىك پۇلنى تۇتۇپ ئورە تۇرغان بۇ ئوتتۇرا بويلۇق، ئۇزۇن يەكتەكلىك كىشىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراشتى . خوشنىسىنىڭ ئاخىباقلىقىغا ئاچچى-

ى كەلگەن ئاش لەڭپۇڭچىمۇ ئىشنى يىغىشتۇرۇپ، غالتەكنى غىچىرلاتقىنىچە قايتىپ كەتتى.

دەل شۇ ئەسنادا ئابدۇمۆمىن ئاكا سانسىز پۇشتاقلار ۋە ئاياقلار ئارىسىدىن ئۆزى تەرەپكە يېقىنلىشىۋاتقان ھېلىقى تونۇش پۇشقاق ۋە مېغىزرەڭ شىبلىتىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ يېنىككىنە بىر ئۇھ تارتتى-دە، كاۋاپدانغا يۆلىنىپ دەلدۈگىنىپ كەتكىنىگە قارىماي، ھېلىقى خېرىدارنى كۆزىدىن قاچۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرىگىنىچە كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا باردى. خېرىدارلارمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

ئابدۇمۆمىن ئاكا پۇلنى ئىككى قوللاپ تۇتقىنىچە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئۇلارغا تەلمۈردى:

— خاپا بولۇشماڭلار ئۇكىلىرىم، ئاشقان پۇلۇڭلارنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرەلمىدىم، ئەمدى...

خېرىدارلار ھېچنېمىگە دىققەت قىلمىغان قىياپەتتە كاسىپنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى-دە، ئۇنىڭ قولىدا تىترەپ تۇرغان پۇلنى "شارت" قىلىپ تارتىۋېلىپلا، ئادەملەر توپىغا قوشۇلۇپ كېتىپ قالدى.

ئابدۇمۆمىن ئاكا پۇلنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك قىسمىنى ئېيىشتىن چىقارمىغان بولسىمۇ، بىراق قولىنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان "كىشى ھەققى" نىڭ ئازاۋىدىن قۇتۇلغىنىغا چەكسىز خۇشال بولدى. ئۇنىڭ خىيالى چوڭقۇر قورۇقلار ئارىسىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشۈپ بۇرۇتى ئۈستىدە توختاپ قالدى.

شۇ كۈنى كېچىدە ئابدۇمۆمىن ئاكا چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇ سۈزۈك سۇلار تاشتىن-تاشقا سەكرەپ ئېقىپ تۇرىدىغان، ئالتۇن ۋە كۈمۈش مېۋىلىرى ساڭگىلىشىپ تۇرغان دەرەخلىرى بار گۈزەل باغدا ئۆز ئىختىيارىچە سەيلە قىلدى. ئەجەپلىنىدىغان يېرى شۇ ئىدىكى، ئادەم تىلىدا سۆزلەيدىغان قۇشلار ھەرخىل ئاھاڭدا سايراپ، ئۇنى ئۇلۇغلايتتى. ھەيۋەتلىك بىنا بىر كۆرسىغا ئولتۇرغىنىدا، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ھۆرپەرىلەر ئۇنىڭ ئېتىگىگە، پۇتلىرىغا جىرىڭلاپ تۇرغان تەڭگىلەرنى ۋە "باي كىشىلەر" نىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن پۇللارنى تۆككىلى باشلىدى... پەرىلەر ئارىسىدا ئۆز قىزىنىمۇ كۆردى.

ئاش لەڭپۇڭچى سادىرنىڭ قوندىغىدىكى كەندىر چار خوراز سوزۇپ-سوزۇپ قىچقارغاندا ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى-دە، تۈنۈگۈن شەيتان ۋەسۋەسىدىن خالاس قىلغان ئاللانىڭ شەنىگە ھەمدۇ-سانا ئوقۇغاچ، ئىۋرىقنى قولىغا ئالدى.



# كۆتۈلمىگەن باغاق

(هېكايە)

قادىر توختى

ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىغان جىپ ماشىنىنىڭ ئاۋازى ئىچكەركى ئۆيدە ساپاغا ئوزىنى تاشلاپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان مۇئاۋىن هاكىم ئوسمانىنىڭ دىققىتىنى بۆلىۋەتتى. ئۇ، بەستىلىك گەۋدىسىنى ئاران كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، ئارىسلاپ ئاقىرىشقا باشلىغان چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ، دالان ئۆيگە چىقتى ۋە شوپۇر تاهىرنى كۆرۈپ تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— بىر دەمدىلا يېتىپ كەپسەن-دە، قېنى ئولتۇرۇپ تۇرغىن، بىز تەييارلىنىۋالايلى، هازىرلا ماڭىمىز، — دېدى ئۇ تاهىرغا ئورۇندۇق

نى كورسۇتۇپ ۋە يەنە ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

تاھىر ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان بەش ئالتە پارچە باغاقنى كوزتاشلىدى-دە، قەيەرگە بارىدىغانلىغىنى بىر نەرسە دىيەلمىسىمۇ، لىكىن نىمە قىلغىلى بارىدىغانلىغىنى دەرھال پەملەدى. بۇ ئۆيگە مۇنداق باغاقلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كۆنىگەدىگىدەك نەچچىسى كىلىپ تۇراتتى.

بۇ باغاقلارنىڭ ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسىلا مۇئاۋىن ھاكىم ئوسمانىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى تۇت كوز بىلەن كۇتىسىمۇ، پەقەت ئۇنىڭ بىرەرسىگىلا بىرىش ئىمكانىيىتى بار ئىدى، قالغانلىرىغا بىرىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. چۈنكى كوپۈنچە ھاللاردا بۇ باغاقلارنىڭ ۋاقتى ئوخشاش بىر ۋاقىتقا توغرا كىلىپ قالاتتى. قايسىسىغا بىرىش، قايسىسىغا بارماسلىقنى بىر تەرەپ قىلىشمۇ ئوڭاي ئىدى، يەنى، باغاقلارنىڭ ئىگىلىرى-كىيىن كەلگەن تەرتىۋى ياكى ۋاقتى ئەمەس، باغاق ئىگىلىرىنىڭ مەرتىۋىسىگە قاراپ، بىرى تاللىۋىلىناتتى - دە، ئىش پۈتەتتى. بۇگۈن بارماقچى بولغان توي، مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ئايالى سادەتخاننىڭ ئارزۇسى بويىچە، كەلگۈسىدە ئوزلىرىگە قۇدا بولۇپ قالىدىغانلارنىڭ ئويى ئىدى.

مۇئاۋىن ھاكىم ئىچكەركى ئۆيدىن بىر ھازادىن كىيىن چىقتى. تومۇررەڭ سارجىدىن تىكىلگەن شىم - چاپان ئۇنىڭ بەستىگە تازا ياراشقان بولسىمۇ، بىشىغا كىيگەن ئەترەڭ سارجى شەپكىسى كىچىگرەك كەلگەنلىكتىن، ئاق سىپىز دوغىلاق يۈزى، ساڭگىلاپ تۇرغان ئىككى قوۋزى، بۇرنىنىڭ ئۇچى دائىم مايلىشىپ تۇرىدىغان بۇ مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ بىشىنى تىپخىمۇ يوغان قىلىپ كورسۇتۇپ قويغان ئىدى.

- تۇرغان قۇشۇجىنىڭ ئويىگە چاقىرغان ئىكەن، بىرىپ كىلەيلى دىۋىدۇق، ھەدەڭ چىقىسۇن ئوكا، ماڭايلى. - دىدى مۇئاۋىن ھاكىم ئوسمان تاھىرغا.

تاھىر " ماقۇل " دەپ باش لىڭشىتىپ قويدى.

- ۋۇيەي تاھىر، سىزنى بىردەم ساقلىتىپ قويدۇق،-دىدى بايا تىن بىرى كورۇنمىگەن سادەتخان ئىچكەركى ئويدىن لوڭگىدە چىقىپ.

- كىرەك يوق، - دىدى تاھىر ھاڭ - تاڭ بولۇپ. ئۇ سادەتخاننى تونىماي قالغىلى تاسلا قالغان ئىدى. چۈنكى، ئۇ نەچچە كۈن ئىلگىرى بۇ ئايالنى دوختۇرخانىغا قان بىسىمىنى ئولچەتكىلى ئاپارغان ئىدى. مانا ھازىر ئۇ چاغدىكى قىياپىتىدىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى. بۇ ئايالنىڭ بىشىدىكى تونۇگۈنكى ئاقلار بۇگۈن بىر تال مۇ كورۇنمەيتتى. چىچى بىشىغا پاتماي قاپ - قارا بولۇپ پاقىراپ تۇراتتى. ئالدى تەرىپىنى ئاندا - ساندا بۇدۇرمۇ قىلىۋالغان ئىدى. قارىماققا ياش جۇگانلاردەك كورۇنەتتى.

- قىنى ماڭايلى، - دىدى مۇئاۋىن ھاكىم ئوسمان. ئۇلار ئەر - ئايال ئىككىسى ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇرۇشتى. تاھىر ئەمدىلا ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا مۇئاۋىن ھاكىم ئوسمانىنىڭ قىزى گۈلنۇر كوچا تەرەپتىن كەلدى.

- ئاپا نەگە ماڭدىڭلار؟ - سورىدى ئۇ ماشىنا يىنىغا كىلىپ.

- تۇرغان قۇشۇجىنىڭ ئويىگە چاقىرتقان ئىكەن، شۇياققا كىتىۋاتىمىز. بىر ياققا بارمىساڭ، بىز كەلگىچە ئويگە قاراپ تۇرارسەن، - دىدى سادەتخان قىزىغا قاراپ مەنىلىك كۇلۇپ قويۇپ.

- مىنىڭمۇ ئىشىم بار، بىر يەرگە ۋىچىرغا بارىمەن. - دىدى گۈلنۇر ۋە ئەكىلىك قىلىپ سەكرىگەن پېتى ئويگە كىرىپ كەتتى.

- يالدۇراق قايتىپ كەل!

سادەتخان ئارقىدىن ۋاقىراپ قالدى. گۈلنۇر ئاڭلىمىدى بولغاي ئەتىمالىم، ئۇي تەرەپتىن ھېچقانداق جاۋاپ ساداسى ئاڭلانمىدى. تاھىر ماشىنىنى ھەيدەپ يۈرۈپ كەتتى.

× × ×

ئۇلار تۇرغان قۇشۇجىنىڭ ئۆيىدىن قايتقاندا، كەچ سائەت 12 دىن ئاشقان ئىدى. تاھىر جىپ ماشىنىنى تېز ھەيدەپ ناھىيە سىرتىدىكى ئازادە يول بىلەن مۇئاۋىن ھاكىم ئوسماننىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئىزغىرىن كۈز شامىلى چىقىپ تۇراتتى. كوچا چىراقلىرى تۈپ - تۈز كەتكەن ئاسفالىت يولنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئاسماندا ئاندا - ساندا يۇلتۇزلار كورۇنەتتى. يول بويىدىكى بوك دەرەخلەردە ئۇگا تىزىپ ئورۇنلاشقان قۇشقاچلارنىڭ كېچىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ كېلىۋاتقان ماشىنىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ۋىچىرلاشلىرى ئاندا - ساندا ئاڭلىنىپ تۇرغاندىن باشقا، پۈتۈن كائىنات جىم جىپ ئۇيقۇغا چۆمگەن ئىدى.

مۇئاۋىن ھاكىم ئوسمان ماشىنىنىڭ ئورۇندۇقىغا ئوزىنى تاشلاپ ئارقىغا يولەندى - دە، مۈگدەشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا ھارغىنلىق يەتكەن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى ئولتۇرۇشتا بىر قانچە ستوپكا ئىچىپ قويغان ئىدى.

— تىرىكرەك ئولتارسىڭىزچۇ!

سادەتخاننىڭ جەينەكلەپ نوقۇشى مۇئاۋىن ھاكىم ئوسماننى چۆچىتىۋەتتى. ئۇ كوزىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ ئەسنىدى - دە، بېشىنى كوتەردى.

— تۇرغان قۇشۇجىنىڭ ئايالى ھىنىپەمگە بالىلارنىڭ ئىشى توغرۇلۇق پوراتسام « ئۇلار ئوزلىرى كېلىشىپ ئالدىمىزغا كەلسە ئاندىن ئېغىز ئاچارمىز، بۇ گەپنى مەنمۇ سىرتتىن ئاڭلاپ يۈرىمەن. ئوغلىمىز پەرھاتنىڭ سورىسام يېقىن كەلمەيدۇ» دەيدۇ. قارىغاندا تېغى. ھىنىپەمنىڭمۇ خېلىمگى بار ئوخشىمامدۇ؟... - دېدى سادەتخان ماشىنىنىڭ ئىچىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— بۇ ئىشتا ھەر ھالدا ئالدىرىمىغان ياخشى. ھەسەنمۇ ياخشى بالا ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى دېخان بولغان بىلەن خېلى ئادىمگەرچىلىگى بار كىشىلەردىن ئىدى. ھەسەنمۇ ھازىر ساقچى بالىلارنىڭ ئىچىدە ياخشى خىزمەت ئىشلەۋاتقانلاردىن بىرى. بىر ياخشى لايىقنى ياقتۇرماي قايتۇردۇق، ئەمدى بالىلار ئوزلىرى كېلىشىپ ئالدىمىزغا كەلمىگىچە ئارىلاشمىغىنىمىز تۈزۈك، - دېدى مۇئاۋىن ھاكىم ئوسمان قىزى توغرىلىق ئوتكەن ئىشلارنى ئەسكە ئېلىپ.

— ھىم، گۈلنۇر ئوزىمۇ ياختۇرمىدىغۇ ئۇ ساقچىڭىزنى، ھەر ھالدا ئوز لايىغىمىزدا كىشىلەر بىلەن قۇدا بولغىنىمىز ياخشى. قالغىنىنى ئوزەم توغرىلايمەن. ئارىلاشمىسىڭىز ئارىلاشماڭ! - دېدى سادەتخان قاتتىق رەنجىپ ۋە ئاغزىنى پۈرۈشتۈردى - دە، بىر چەتكە سۈرۈلۈپ ئولتۇرۇپ خىيالغا چوكتى. ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا قىزى توغرىسىدا بولۇپ ئوتكەن ئىشلار ۋە كەلگۈسى تەسەۋۋۇرلار ئارقا-ئارقىدىن تىزىلىپ ئوتۇشكە باشلىدى...

گۈلنۇر بىلەن ھەسەن ساۋاقداش ئىدى. ئۇلار تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن گۈلنۇر ئىمتىھاندىن ئوتەلمەي يۇقۇرى مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيالمىدى. ئۇ دادىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇن باشلىقلىرىنىڭ ئىشىگە سېلىپ قويۇشى بىلەن، ناھىيىلىك ھوكۇمەتنىڭ ماتىرىيال بولۇمىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭغىمۇ مانا ھەش - پەش دېگۈچە 3 يىل بولۇپ قالدى. ھەسەن سىياسى قانۇن مەكتىۋىگە ئوقۇشقا كېتىپ، بۇ يىل مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ ناھىيىلىك جامائەت خەۋپ-

سىزلىكى ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ. گۈلنۇر بىلەن ھەسەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىدىلا بىر-بىرىنى يوشۇرۇن ياخشى كۆرۈشەتتى. ھەسەن ئۈرۈمچىگە سىياسى قانۇن مەكتىۋىگە ئوقۇشقا كەتكەن جەريانىدا گۈلنۇر بىلەن دائىم خەت يېزىشىپ تۇردى. گۈلنۇر ھەسەننىڭ خېتىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتى. ئۆزىمۇ ئۈزمەي يېزىپ تۇراتتى. بەزىدە خەت كېچىكىپرەك قالىدىغان بولسا، نەچچە كۈن بىئارام بولۇپ، گېلىدىن تاماق ئۆتمەي، تاڭ ئاتقىچە كىرپىك قاقماي چىقىدىغان كۈنلىرىمۇ بولغان ئىدى. بىر-بىرىنى يىراقتىن سېغىنغۇچى دىللار ئۈچۈن خەت نېمە دېگەن قىممەتلىك-ھە! كىشىلەر ئۇنى بىكاردىنلا "يېرىم دىدار" دەپ ئاتىمىغان-دە! سادەتخان ھەدە بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلەتتى. ھەتتا بەزىدە گۈلنۇرنىڭ تىقىپ قويغان خەتلىرى قولىغا چىقىپ قالغانىدا، ئوغۇرلۇقچە ئوقۇپ، دىلى سۆيۈنگەن ئىدى. ھەسەن قايتىپ كېلىپ ساقچىدا ئىشلەشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ گۈلنۇر بىلەن بولغان ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلىشىشقا باشلىدى. تېخى بىر قانچە ئاينىڭ ئالدىدا گۈلنۇر پۈتۈن ئەھۋالىنى بىر دوستى ئارقىلىق ئانىسىغا ئېيتقان ئىدى. سادەتخان ھەدە ھەسەننىڭ ئاتا-ئانىسىنى تونىمايتتى، ئۇلارنىڭ قەيەردىلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇ قىزىغا، تەپسىلى ئويلىشىپ بىر نەرسە دەرمىز، دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ھەسەنمۇ پۈتۈن ئەھۋالىنى ئاتا-ئانىسىغا مەلۇم قىلىۋىدى، دادىسى: "ئېگىز شاخقا ئېسىلىپ قولىمىز يەتمەي قالارمىكىن، ياخشىراق ئويلىشىپ كۆرەيلى" دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى، بىراق ھەسەن نىيىتىدىن يانمىغانلىقتىن، بىر تال ئوغلىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، زۇنۇن ئاكا ئاخىر ئەلچى ماڭغۇزغان ئىدى. بىراق ئەلچىلەر ئۆزلىرىگە قىلىنغان مۇئامىلىدىن قاتتىق رەنجىپ قايتىشتى. بۇ دېخان ئەلچىلەرنى كۆرۈپ، سادەتخان ھەدىنىڭ سەپرايى قىرىق گەز ئۆرلەپ، قىزىمىز تېخى كىچىك، چوڭ بولغاندا ئۆز لايىقى چىقىپ قالار، دەپ ئۇلارنى يولغا سالغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، سادەتخان ھەدە ئابرويلۇق كىشىلەرنىڭ زىيالى ئوغۇللىرىدىن كۈيئوغۇل ئىزدەشنى كۆڭلىگە پۈككەن ۋە تۇرغان قوشنىسىنىڭ يېقىندا داشۆنى پۈتكۈزۈپ كەلگەن ئوغلى پەرھاتنى دىتلاپ قويدى، ئەلچىلەرنىڭ تەقى-تۇرقى ۋە ھەسەننىڭ ئائىلىسى ھەققىدە ئاڭلىغانلىرى سادەتخان ھەدىنىڭ بۇ نىيىتىنى تېخىمۇ قەتئىيلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى.

گۈلنۇرغا ئاپىسىنىڭ بۇ قىلىقى ناھايىتى ئېغىر تۇيۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپىسىنىڭ ئېيىپ ئۈچۈرۈشلىرى ۋە ئۇنى ئاتاق-ئابروي، زىبۇ-زىننەت ۋە ھەر خىل سورۇنلارغا قىزىقتۇرۇشلىرى ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى-دە، ئۇنىڭ ئىرادىسى بارا-بارا ئاجىزلىشىپ ئاپىسىنىڭ مەسلىھەتى قەلبىدىن ئورۇن ئالدى. ئاپىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بۇلارنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزگەن ۋېچىركىدا داشۆبىنى يېڭىدىن پۈتكۈزگەن پەرھات بىلەن تونۇشۇۋالدى. بۇ خۇشخۇي يىگىتمۇ گۈلنۇرغا يېقىپ قالدى. يەنە نۇرغۇن يىگىتلەر بىلەنمۇ تونۇشۇۋالدى. شۇ كۈنلەردىن كېيىن، كۆڭلىگە دېگەندەك ۋېچىركىدىن قالمايدىغان بولدى. بارا-بارا ئۇنىڭ تەبىئىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، گۈلنۇردىكى بۇ تاسادىپىي ئۆزگىرىش ھەسەنگە غەلىتە تۇيۇلدى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەي تەبىئىي ھالدا يىراقلاشتى-دە، ھەر قايسىسى ئۆز يولىغا مېڭىشتى.

بىراق، پەرھاتنىڭ گۈلنۇرنى ياخشى كۆرىدىغان ياكى كۆرمەيدىغانلىقىنى تېخى بىر نەرسە دېيىشكە بولمايتتى. بەلكىم، گەپ گۈلنۇردىدۇر، پەرھاتنى ئۆزىگە تازا دىگەندەك جەلپ قىلالمايۋاتامدىكىن......

سادەتخان ھەدە ئويلىغانلىرى پىكرى چېچىلىپ بېشى ئايلانغاندەك بولدى-دە، نېرۋىسى تۇيۇقسىزلا تورمۇزلىنىپ، كۆزى ئۇيقىغا كەتتى.

— ...

ماشىنىنىڭ چەددى تورمۇزدىن قاتتىق سىلكىنىشى سادەتخان ھەدىنى چۆچۈتىۋەتتى، مۇئاۋىن ھاكىم ئوسمانمۇ ھودۇقۇپ بېشىنى كۆتەردى، سىرتتا: « مېنى قۇتقۇزۇڭلار!......» دىگەن زىل ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. يول چېتىدە بىر قانچە مەس لۈكچەكلەر بىر قىزنى بۇلقۇشلاپ ھەدەپ سىرتقا سۆرەۋاتاتتى. ئۇ قىز جېنىنىڭ بېرىچە بۇ چەلبۆرىلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشسىمۇ، لېكىن ماجالى يەتمەيۋاتاتتى.

تاھىر ماشىنىنى چەددى تورمۇز قىلغاندىن كېيىن، ماشىنىسىدىن چۈشۈشكە ئىجازەت سورىغان قىياپەتتە ئارقىدا ئولتۇرغان مۇئاۋىن ھاكىمغا ۋە ئۇنىڭ ئايالىغا قارىدى.

— نېمىگە توختايسىز، ھەيدەڭ، ئارىچىغا ئالتە تاياق، دەپ بۇ لۈكچەكلەرگە تەڭ كەلگىلى بولامدۇ، — دىدى سادەتخان.

مۇئاۋىن ھاكىممۇ ئايالىنىڭ گېپىنى ئىچىدە قۇۋۋەتلىدى بولغاي، « ماڭايلى!» دىدى، تاھىرغا قاراپ ۋە قولىنى ئالدىغا سىلتىپ. تاھىر يېنىكلا تورمۇز قىلىنغان ماشىنىنى ھەيدەپ يۈرۈپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكىنى قانداقتۇر بىر نەرسە تاتىلاۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى-ئۆزى خورلاۋاتقاندەك ھېس قىلدى......

× × ×

ئۇلار ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە ئىشىك قۇلۇپلانغان پېتى تۇراتتى. ئەر-ئايال ئىككىسىنىڭلا كۆڭلىگە دەككە-دۈككە چۈشتى. مۇئاۋىن ھاكىم ئوسمان ماشىنىنى قورانىڭ ئىشىگىدىنلا قايتۇرىۋەتكەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى. سادەتخان ھەدە: « ماشىنىنى قايتۇرىۋەتمىگەن بولسىڭىز، ماشىنا بىلەن گۈلنۇرنى ئىزدەپ باقمامتۇق؟!» دەپ تاپا-تەنە قىلدى.

ئۇلار كۆڭلى پەرىشان ھالدا نېمە قىلارىنى بىلمەي خېلى ۋاقىت ساقلىدى، سادەتخان ھەدە كوچا تەرەپتىكى دېرىزىدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. مۇئاۋىن ھاكىم ئوسماننىڭ كۆڭلىمۇ تازا پاراكەندە بولدى، ئۇ ئۆزىنى-ئۆزى ئەيىپلەيتتى.

تېلېفوننىڭ تۇيۇقسىزدىن جىرىڭلىشى ئەر-ئايال ئىككىسىنى چۆچۈتىۋەتتى. مۇئاۋىن ھاكىم ئوسمان يۈگرەپ بېرىپ تىرۇپكىنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى تىترەپ كەتتى.

— ۋەي، ... ھە ئە، دەپ ...؟! گۈلنۇر دوختۇرخانىدا؟... مۇئاۋىن ھاكىم ئوسمان گۈلنۇرنىڭ دوختۇرخانىدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ بېشى قايغاندەك بولدى-دە، ئارقىغا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. يۈرەكلىرى ئېغىپ ئىككى چېكىسى قورۇپ ئاغرىشقا باشلىدى.

سادەتخان ھەدە گۈلنۇرنىڭ دوختۇرخانىدا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئەس-ھوشىنى يوقۇتۇپ، ئاللا-كاللا سىپلىشقا باشلىدى...

× × ×

ئەر-ئايال ئىككىسى دوختۇرخانىغا يېتىپ بارغاندا، سائەت 3 تىن 20 مىنۇت ئۆتكەن ئىدى. يىراق شەرقتە سۈس يورۇق

كورۇنۇشكە باشلىغان ئىدى. مۇئاۋىن ھاكىم ئوسمان يولدا ماشىنىدىن چۈشۈپ، لۈكچەكلەر قولىدىن گۈلنۇرنى قۇتقۇزمىغانلىقىغا ناھايىتى پۇشايمان يېدى. سادەتخان ھەدە قىزىغا چاڭگال سالغان ۋە ئۇنى ئۇرۇپ يارىدار قىلغان لۈكچەكلەرگە قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇ لۈكچەكلەر قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقالمايۋاتقان قىزى گۈلنۇرنى كېچىدە تونىيالماي قالغانلىقىغا ھەسرەت چېكەتتى.

ئۇلار گۈلنۇرنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئۇ كارۋاتتا چاچلىرى چۇۋۇلغان، پىچاق بىلەن تىلىنغان مەڭزى ئاپپاق داكا بىلەن تېڭىلغان ھالەتتە بىھوش ياتاتتى.

— قىزىم، گۈلنۇر!

سادەتخان ھەدە كارۋاتقا ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئۆزىنى تۇتالماي ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

— گۈلنۇرغا ھازىر جىمجىتلىق كېرەك، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، — دېدى دوختۇر ۋە سادەتخاننى كارۋاتتىن يۆلەپ تۇرغۇزدى. مۇئاۋىن ھاكىم ئوسمان قىزى گۈلنۇرنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ - ئارىلاپ ئاغزىدىكى نەمنى يۇتاتتى. ئۇ روھى جەھەتتىن چەكسىز ئازاپلانماقتا ئىدى.

— ھە ... سە ......

— جويلۇۋاتىدۇ، — دېدى دوختۇر — گۈلنۇرنى ھەسەن ئىسىملىك بىر ساقچى بالا قۇتقۇزۇپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن. ئۇ ۋەزىپە بىلەن شەھەر سىرتىغا چىقىپ قايتىپ كېلىۋاتقان ئىكەن، يولدا لۈكچەكلەر قولىغا چۈشۈپ قالغان گۈلنۇرنى ئۇچرىتىپ، لۈكچەكلەر بىلەن ئېلىشىپ گۈلنۇرنى قۇتقۇزغان، لۈكچەكلەرنىڭ بىرىنى قولغا چۈشۈرگەن، قالغان ئىككىسى قېچىپ كەتكەن ئىكەن. بىراق، قولغا چۈشكىنى شېرىكلىرىنىڭ كىملىكىنى ئىقرار قىلغان. ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىشكە ساقچىلار كېتىپتۇ. بەلكىم ھازىرغىچە تۇتۇلغاندۇ. ھەسەننىڭ سول مورىسىگە لۈكچەكلەر پىچاق سېلىپ يارىدار قىلغان ئىكەن، يانىدىكى ئۆيدە ياتىدۇ. بىراق، ئانچە خەتەرلىك ئەمەس...

سادەتخان ھەدە تېخىمۇ ئىسەنكىرەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى گۈلنۇرنىڭ ئايىغىغا ئاتقان ئىدى.

مۇئاۋىن ھاكىم ئوسمان كارۋات ئايىغىغا يۆلىنىپ تۇرغان يېرىدىن گەۋدىسىنى تەستە رۇسلىدى-دە، يانىدىكى ياتاققا قاراپ ماڭدى.

× × ×

مۇئاۋىن ھاكىم ئوسماننىڭ ئىشتىيى تۇتۇلۇپ، ئەتىگەنلىك چايغىمۇ كۆڭلى تارتمىدى، ئۇنىڭ بەدەنلىرى قىزىپ، ئۇستىخانلىرى كويۇشەتتى. ئىككى چېكىسى قورۇپ ئاغرىيتتى. روھى جەھەتتىكى ئازاپ ئۇنى تېخىمۇ بىئارام قىلماقتا ئىدى. ئۇ بۈگۈن ئىدارىغىمۇ بارماي ئۆيىدە دەم ئېلىش قارارىغا كەلدى، راستىنى ئېيتقاندا ئىدارىغا ئەمەس، قىزى گۈلنۇرنى يوقلاشقا دوختۇرخانىغا بارغىدەكمۇ تاۋى يوق ئىدى. قىسقىسى، ئۇ ياستۇققا باش قويۇپ يېتىپ قالدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ يېتىۋېلىپ ھېچنەرسىنى خىيال قىلماسلىققا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلى بىئارام بولۇپ، يۈرىكى مۇجۇلاتتى. ھەر خىل پىكىرلەر مېڭىسىنى چۇلغۇۋېلىپ قالايمىقان قىلماقتا ئىدى.

— تاك! تاك! تاك!

ئىشىكنىڭ تۇيۇقسىزدىن ئۇرۇلۇشىدىن مۇئاۋىن ھاكىم ئوسمان قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.

— كىرىڭ!، — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا. ئىشىك ئېچىلىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىۋى كىرىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مېھرىبان ئانا، سەن مېنىڭ قەلبىمدە

(ئەسلىمە)

قۇربان ئىمىن

1933 - يىلى باش ئەتىيازنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى، مەن ئۆيدىكى تاراق - تۇرۇقنى ئاڭلاپ ئويغۇنۇپ كەتتىم ، كۆزۈمنى ئاچسام مورا بېشىدا قارا چىراق پىل - پىل يورۇق بېرىپ تۇرۇپتۇ . ئانام تاشقىرىدىكى قاراڭغۇ دەلىزدىن يارغان ئوتۇنلىرىنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ ، ئوچاقنىڭ ئالدىغا قويدى . دادام ھەدەپ «قۇرئان» نىڭ ئۇششاق سۈرىلىرىنى ئوقۇپ مەيسىسىنى كىيىۋېتىپتۇ . مەن يوتقاندىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ :

— ئانا ، بۈگۈن كېچىچە نېمە ئىش بولدى ؟ - دەپ سورىدۇم .

— سوقۇش بولدى - سوقۇش ... - دېدى ئانام .

— نېمە سوقۇش بۇ ؟ مەن زادى ئۇخلىيالمىدىم كېچىچە ...

---

مۇئاۋىن ھاكىم ئوسمان ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى .

— قوزغالماڭ ھاكىم ، بولدى ، - دېدى كاتىپ ۋە قولىدىكى بىر پارچە قەغەزنى مۇئاۋىن ھاكىمغا سۇندى.

مۇئاۋىن ھاكىم ئوسمان بۇ كۈتۈلمىگەن باغاقنى ئېلىپ كۆز تاشلاش بىلەنلا چۈچۈپ كەتتى . بۇ ئادەتتىكى مېھماندارچىلىق باغىقى ئەمەس ، قانۇن ئورگاننىڭ چاقىرىق قەغىزى ئىدى.

ئۇنىڭ يۈزى لاپپىدە ئوت ئالغاندەك بولۇپ ، قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى . ئۇ پوكاندەك ئېسىلىپ ، ئىشىك تەرەپكە قارىغاندا كاتىپ ئاللىقاچان چىقىپ كېتىپ قالغان ئىدى . بۇ باغاق مۇئاۋىن ھاكىم ئوسماننىڭ پۇت - قوللىرىغا ماغدۇر كىرگۈزگەندەك بولدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كېيىندى - دە ، چاقىرتىلغان ئورۇنغا قاراپ ماڭدى.

— تولا گەپ قىلما بالام! نىمە سوقۇش بولاتتى، شەھەر تالىنىپتۇ. بىرسى مەن سورىسام دەيدۇ، يەنە بىرسى مەن سورايمەن دەيدۇ.

— ھە ... شۇڭا بۈگۈن تاڭ ئاتقىچە قازاندا قوماچ قورۇغاندەك مىلتىق ئاۋازى بېسىلماپتىكەن — دە ...

— ئۇخلىشىڭنى ئۇخلا! — دېدى ئانام بۇ گەپىمنى ئاڭلاپ.

— ھەي خوتۇن، چوپ — چوڭلا بولغان ياش بالىنى ناماز ئوقۇشقا ئۈگەتمىسەڭ بولامدۇ؟ — دېدى دادام.

ئانام لام — جىم دېمىدى. دادام ماڭا قاراپ:

— ئورنىڭدىن قوپ بالام! تاھارەت ئال، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇ! خۇدايىمنى ياد ئېتىپ تۇرساق ئۇشتۇمتۇت بالا — قازاغا يولۇقمايمىز، — دېدى.

— شۇنداق، ئەمما ھازىر شەھەردە ھېچكىم مەسچىتكە كوڭۇل توختۇتۇپ چىقالمايۋاتىدۇ، مەسچىتلەرنىڭ ئىشىكلىرىمۇ تاقاغلىق ...

ھازىر ياش باللارغا تەس كۈن بولۇپ قالدى، ياش باللارنىڭ ئاتا — ئانىلىرىنىڭ يۈرىگى سۇ ھازىر ... دېدى ئانام.

— ئۇ دېگىنىڭ راست، — دېدى دادام ئانامنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ، — ئابىيام كوچىغا تاھارەت ئالغىلى چىققسام توخسۇن ساراچ ئۇچراپ قېلىپ: «بۈگۈن كېچە ياغاچچى مەشۇق ھاجىنىڭ ئىنىسى ئابابەكرى ئاخۇننى ئەسكەرلەر تۇتۇپ كېتىپتۇ.» — دېدى، مەن: «يا ئاللا ... خۇدايىم ساقلىسۇن ...» دەپ، ئېسى — يادىم بۇ بالامدا، تاھارەت ئالدىم، ئۆيگە ياندىم ... — دېدى.

— ئابابەكرى ئاخۇن ... ! — دېۋەتتىم مەن سەل پىچىرلاپ.

— سەن ئۇخلا، بالام! نەچچە كۈندىكىدەك ئۆيدىن چىقماي كېتىشىڭنى تەكرارلا، خېتىڭنى ياز! تۈنۈگۈن لەگلەك ياسىدىڭ ئەمدى ئۇنى ئاسمانغا ئۇچۇرىمەن دەپ ئۆگزىدە، كوچا يۈزىگە چىقىپ تاشلىما. بىرسى بىزنى چېقىپ قويسا، سەن — بىزنىڭ بۇ دۇنيادىن تۈگەشكىنىمىز شۇ ... — دەپ نەسىھەت قىلدى ئانام.

مەن ئاتا — ئانامنىڭ نەسىھىتىنى «موھرى تىللا» بىلەتتىم. ماقۇل دېدىمۇ، ئابابەكرى ئاخۇننى ئويلاپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم ئىدى، ئىككىمىز نەگە بارساق بىللە باراتتۇق، بىر مەكتەپتە ئوقۇيتتۇق، بىر كوچىدا ئوينايتتۇق، تۈمەن دەرياسىغا بىللە چىقىپ سۇغا چۈشۈپ كېلەتتۇق. ئاخشاملىرى ئىشىگىمىزئالدىدا خېلى ۋاقىتقىچە چۆچەك ئېيتىشاتتۇق، «قارا باستى» ئوينىشاتتۇق. ئىش قىلىپ بىز ناھايىتى ئىناق ئاغىنىلەر ئىدۇق. ياشتا، ئۇ مەندىن سەل چوڭراق بولسىمۇ، ھەرگىز مېنى بوزەك ئەتمەيتتى، ئۆزىنى چوڭ تۇتمايتتى ... مەن ئۇنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىنى ئويلاپ يېتىپ ئانامدىن سورىدىم:

— ئۇنى ئەسكەرلەركە تۇتۇۋېلىپ نىمە قىلىدۇ؟ ئۇ، ناھايىتى ياخشى ئادەم ئىدى.

— قولىغا مىلتىق بېرىپ ئوقىنى تۇتقۇزىدۇ، ئاندىن بىزدەك بىچارە پۇخرالارنى ئاتقۇزىدۇ.

— ئاتقۇزىدۇ؟ ياق، ئۇ ھەرگىز ئۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ ...

— ھازىر جاھان مالىماتاڭ. ئۆزۈڭنىڭ گۆشىنى ئۆز يېغىڭ بىلەن قورۇيمەن دەۋاتامدۇ؟—

دېدى ئانام قايىنىغان چوگۈننى كۆلۈڭگىغا ئېلىۋېتىپ .

— ئانا ، ئابابەكرى ئاخۇن مىلتىق ئېتىشنى بىلەمدۇ ئەمەسمۇ ؟ — دېسەم ئانام :

— سەنمۇ ئاڭلىغانسەن ، بىر مۇنچە ياشلارنى زومۇ-زو ئەسكەرلىككە تۇتۇۋېلىپ ، كېچە — كۈندۈزى ئۇخلاتماي "يى ئەر ، سان ، سى ..." دەپ توۋلاپ ، مەشىق دەسسىتىۋاتقىنىنى !

— ئۇلارنى ئەمدى قانداق قىلىدۇ ؟

— شەھەرمۇ — شەھەر ئاپىرىپ سوقۇشىدۇ، ئاخىرى ئۇمۇ ئۆلۈپ ، بۇمۇ ئۆلۈپ تۈگىشىدۇ . ئەسكەر بولغانلارنىڭ ئۆلۈكىنى قاغا — قوزغۇن يەيدۇ ، سۆڭەكلىرى چۆل — جەزىرىدە قالىدۇ، شۇ . ئۇختۇڭمۇ ئەمدى ؟ — دېدى — دە ئانام قىبىلىگە ئالدىنى قىلىپ ، بامداد نامىزىنى ئوقۇشقا باشلىدى .

مەن ئانام بىلەن گەپلىشىۋاتقاندا دادام نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ، تاشقىرىغا چىققاندەك قىلدى . ئامما مېنىڭ پۈتۈن دىققىتىم ھېلىقى بىر كوچىلىق ئاغىنەم ئابابەكرى ئاخۇندا ئىدى (ھورمەتلىك ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا مۇندىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى تونۇشقان بۇ ئاغىنەمنىڭ شۇ يوقالغانچە كۆرۈنمىگەنلىكىنى، بىر تۇققان — ئەۋلادلىرىنىڭمۇ ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلەيدىغانلىقىنى مەن بۇ يەردە ئەسكەرتىپ ئۆتۈپ كېتىشنى زۆرۈر تاپتىم) . دادام ھايال بولمايلا ئۆيگە ھازىر بولدى . مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇردۇم .

ئەتىگەنلىك چاي ئىچىلىپ بولدى .

— گۈزەرگە چىقتىڭلىمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئانام دادامدىن .

— ھەئە ، بۈگۈن كوچا جىم — جىت ، ئادەمنىڭ ئىسى كۆرۈنمەيدۇ . بۈگۈن پەشەنبە كۈنى بازار بولىدىغان كۈن ئىدى . چۈلىنىمۇ ساتالمايدىغان بولدۇم ...

— " جان بولسا جاھان ، ئاش بولسا قازان" نېمە غەم قىلىسىلەر ؟ ھەممىدىن تىنچ — ئامانلىق ، خاتىرجەملىك ئەۋزەل — دېدى ئانام دادامغا قاراپ . ئاندىن ماڭا :

— سەن ئۆيدىن تالاغا چىققۇچە بولما ! مەن ئۆگزىگە چىقىپ كېتەكتىكى توخۇدىن خەۋەر ئېلىپ چۈشەي دەپ ، دەلىزگە قاراپ ماڭدى . دادام بولسا ئوچاقتىكى قىزىرىپ تۇرغان چوققا تىكىلگەنچە بىر نىمىلەرنى ئويلاپ ئولتۇراتتى . مېنىڭ كوچىغا چىققۇم كەلدى . ئانام توخىلارغا دان بېرىپ چۈشكىچە تالاغا بىر چىقىپ كىرمەيمۇ دەپ ، دادامنىڭ كوزىنى غەلەت قىلىپ غىپپىدا كوچىغا چىقتىم . كۈز ئاغامچا بويى ئورلىگەن ، ئىللىق باھار شامىلى سىلىق ئۇچۇپ تۇراتتى . ئەمما كوچىدا ھېچ ئادەم يوق. ئەتراپ تىمتاس . شۇنداق بىر پەيتتە بىر دەسسەپ ، ئىككى دەسسەپ كوچا بېشىغا چىقتىم ...

بىزنىڭ ئۆي شەھەرنىڭ مەركىزىگە يېقىن ئۇستەڭبويى گۈزەرنىڭ "ياغاچچى كوچىسى" دا ئىدى . بۇ گۈزەر ئادەتتە خېلى ئاۋات بولۇپ ، ئىككى تەرىپىدە ھەر خىل مال بىلەن تولغان كىچىك دۇكانلار بار ئىدى . ئاشپەزخانا ، زەرگەرلەر ، باققاللار ئالدىدىن خېرىدارلار بولۇپمۇ كەم بولمايتتى . ئەمما بىر نەچچە ئايدىن بېرى بولۇپمۇ بۈگۈن شەھەر يوللىرىدا ئابكەش (سۇ ساتقۇچى ) ، ئوتۇن — تۇز ساتقۇچى كىشىلەر ئاندا — ساندا كۆرۈنمىسە ، شەھەر خەلقى زادى كۆرۈنمەيتتى . شۇنداقلا بىر ھوكۇمەت ئەسكىرىنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى . مەن ئۇستەڭبويىنىڭ سول تەرىپىدىكى دۇكانلارنى ياقىلاپ ، پات -پات ئالدى — قارقامغا قاراپ قويغان ھالدا "ئېگىز

ئېرىق بېشى» دىن ئۆتتۇم . ھېچ گەپ يوق ، ھەممە ياق جىم ـ جىتلىق . مەن قورقماي ئالدىمغا مېڭىۋەردىم . شۇنداق قىلىپ ھېيتگاھقا ـ ئوتۇڭ ياندىكى مۇنارنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئەتراپقا كوز تاشـ لىدىم . مەن بۇ يەردە دەھشەتلىك بىر مەنزىرىنى كورۇپ ، يۈرۈكۈم پۇلاڭلاپ كەتتى . ئەنە مەيـ داندا ئوتۇڭ ـ تەتۈر ياتقان ، ھەتتا بىرسىنىڭ ئۈستىگە بىرسى يىقىلىپ ياتقان ئولۇكلەر ! خام بازىرى تەرەپتىن بىر نەچچە كىشى بېلىگە ئاق خاسىدىن بەلۋاغ باغلىغان ، بىر مېيىتنى جىنا ـ زىغا ئېلىۋاتقاندىن باشقا تىرىك ئادەم زادى يوق بولۇپ ، قەشقەر شەھرى بۈگۈن بەئەينى دەھـ شەتلىك گورۇستانلىقنى ئەسلەتتى ... مەن دەرھال ئارقامغا ياندىم ، قانداق كەلگەن بولسام شۇنداق قايتىپ كەلدىم .

ئۆيگە كىرسەم ئانام ئوزىنى كاچاتلاپ يىغلاۋاتقان ئىكەن . ئۇ ، مېنى كورۇپ يىغىدىن توختىدى :

ــ جېنىم بالام ، موللا بالام ! سېنى مەن كوچىغا چىقما دېمىدىمۇ ؟ نەگە باردىڭ ؟

ــ ئانا ، خاپا بولما ! زېرىكىپ چىقىپ ساپتىمەن . ئەمدى ئۆيدە ئولتۇرىمەن ـ دېدىم .

ــ نەگە باردىڭ ؟ سېنى ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى . جېنى خوشنىلارنىڭكىگە كىردىم . ھەممىسى قورقۇشۇپ كەتتى . بالىلىرىنى تۇڭگانلار تۇتۇۋالغان ئوخشايدۇ ... دېيىشتى ـ دېدى ئانام كوز يېشىنى سۇرتۇپ .

ــ ياق ئانا ، "خۇدا ساقلىغان يەردە بالا يوق ، شال تېرىغان يەردە پولا يوق" ـ دەپ چاقچاق قىلدىم . ئاتا ـ ئانام مەندىن راستىنلا ئەنسىرەپتىكەن ، شۇڭا بۇ گەپكە كولۇشمىدى .

ــ سەن ھازىر چاپان ـ چاراڭنى سال! ، دېدى ئانام ماڭا تىكىلىپ .

مەن بۇ گەپكە ھەيران بولۇپ ، ئىككى قولۇمدا بەلۋېغىمنى قاماللاپ قاراپ تۇردۇم .

ــ جېنى ئەگىنىڭنى سال بالام ، ئىشتانچاق بول ! دەپ ، دادام ئالدىمغا كەلدى .

ــ سىلە نىمە قىلىسىلەر مېنى ؟ مەن ئەمدى تويدۇم ، تالاغا چىقمايمەن دېدىمغۇ ؟

ــ سال دېگەندىن كېيىن سال ! سېنى ئۇرمايمىز ، شاقىدايمىز ؟ ـ دېدى ئانام .

ــ شاقىدايمىز ؟

ــ ھەئە ...

ــ شاقىداپ نىمە قىلىسىلەر ؟

ئاڭغىچە بىر تاۋاققا چېقىلىپ ، ئاق سېرىقى ئارىلاشتۇرۇلغان تۇخۇم قاچىسىنى ئالدىمغا ئېـ لىپ كەلدى .

مېنىڭ ئانام ئەسلى پاختەكلىدىن بولۇپ ، كەمبەغەل بىر دېخاننىڭ ئارزۇلۇق قىزى ئىكەن . ئىسمى شېرىپلىرى سارىخان بولۇپ ، شەھەردە دادام بىلەن تۇرمۇش قۇرغان ۋە بىزنى چوڭ قىلـ غان ئىكەن . ئانام ھەقىقەتەن تەدبىرلىك ، چىدامىلىق ، ئەمگەكچان ، كەڭ قوساق ، قانائەتچان، كويۈملۈك ، دەنا مېھرىبان بىر ئايال ئىدى .

مەن ئەتىگەن ئۆيدىن چىقىپ ھېيتگادىن قايتىپ كەلگىچە ئاتا ـ ئانام پۈتۈن ئەزايىي ـ بەـ دىنىمنى تۇخۇم بىلەن شاقىداپ باشقىلارغا مېيىپ ـكېسەل ھالەتتە كورسۇتۇپ ، شىنجاڭدىكى چوڭ مىللەتچىلىك ماخوسەنىنىڭ « ئەسكەر » تۇتۇۋېلىشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنى مەسلىھەت قىلىشىپ كېلىشكەن ئىكەن . ئەمدى ئانام باش ـ كوز ( كاسامدىن باشقا ) پۈتۈن ئەزالىرىمنى رەسمىي سۈـ

www.uyghurkitap.com



نۇقنى شاقىدىغاندەك شاقىداپ چىقتى . مەن بىر چاغدا ئۇرۇس ئەينىكىگە قارىسام ئادەمگىمۇ، مايمۇنغىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر مەخلۇق بولۇپتىمەن . ئۆزۈمگە كۈلدۈم .

ـــ نىمە كۈلۈسەن ؟ ـ دىدى ئانام مەندىن :

ـــ تازا بىر نىمە بوپتىمەن ئانا! ـ دىدىم .

ـــ ئەمدى شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ ئالغىچە كۈلمەيسەن ! بېشىڭنى ساڭگىلىتىپ ، پۇت قولۇڭنى خۇددى مەستەك ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ ، مەيدەڭنى تەكىرگە مەھكەم چاپلاپ ياتسەن جومۇ ؟ ! يەنە كېلىپ كوزۇڭنى پەقەت ئاچمايسەن ...! ـ دىدى- دە ئانام مىنى ئۆيدە قويۇپ تالاغا ئالدىراپ چىقىپ كەتتى . دادام ئۇنى ، بۇنى قىلىپ سۇرتۇلگەن توخۇمنى قۇرۇتتى . مەن يوتامغىچە تۇرۇلگەن تامبىلىمنىڭ ئىككى ئۇچىنى پەسكە ـ هوشۇغۇمغىچە سىرىپ چۇشۇردۇم . پۇت ئالقانلىرىمدىكى توخۇمىمۇ قۇرۇپ كېتىپتۇ . ئاندىن مەيدىسى ئۇزۇن كوينىگىمنى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاقىرىپ كەتكەن قىزىل چەكمەن چاپىنىمنى كەيدىم . بېلىمنى كونا بىر بەلۋاغدا بوشراق باغلىدىم . دادام بېشىمغا ئەسكى تىرە تۇماقنى كەيدۇرۇپ قويدى . ئەمما پۇتۇم يەنىلا يالاڭياق .

ـــ قېنى بولۇڭلار ، بۇيان چىق بالام ! دەپ تاشقىرىدىن ئالدىراپ كىرگەن ئانام سول قولتۇغۇمدىن تۇتتى ، دادام ئوڭ قولتۇغۇمدىن يولىگەن بولدى . ئىشىك ئالدىدا بىر ئۇچۇلۇغى بار بىر ئېشەكنى تۇتۇپ ، بىر بوۋاي بىزگە قاراپ تۇراتتى . ئانام دادامغا :

ـــ بالىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇڭلار ! ـ دىگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ، بىر كورپە بىلەن بىر دانە تەكىر ئېلىپ چىقتى . كورپىنى ئۇچۇلۇقنىڭ ئۇستىگە تاشلىدى ، دادام مىنى كوتۇرۇپلا ئېشەككە مىندۇردى . ئالدىمغا تەكىرنى قويۇپ بەردى . مەن ئىلگىرىكى كېلىشىم بويىچە " كېسەل هالەتتە " ياتتىم ...... بوۋاي ماڭا قاراپ : " ياش بالىكەن ، قالتىس يىقىلغان ئوخشايدۇ "ـ دىگەن ئىچ ئاغرىتىشتا ئېشىگىنى گۇزەرگە قاراپ هەيدىدى .

بۇ ئەهۋالنى كورگەن بىر كوچا ـ بىر مەهەللىنىڭ خولۇم ـ خوشنىلار بولۇپمۇ خەيرىنساخانغا ئوخشاش ئاقكوڭۇل، چىرايلىق قىز ساۋاقداشلار ، " يول بولسۇن ، سالامەت بولساق يەنە كورۇشەرمىز !" دەپ ئۇزۇتۇپ قېلىشتى . خۇسۇسەن خەيرىنساخان مىنى مۇشۇ هالەتتە كورۇپ:

ـــ قۇناخۇن نىمە بولدى؟ ـ دەپ ئانامدىن سورىدى .

ـــ تۇنۇگۇن ئىگىز ئوگزىدىن يىقىلىپ چۇشتى ـ دىدى . ئۇ قىز " ھ ... " دەپ ئىچىنى تارتقانچە ئوڭ قول بارمىغىنى چىشلەپ قالدى . ئۇنىڭ ئەۋازىدىن ماڭاناھايىتى ئىچ ئاغرىتقانلىغى بىلىنىپ تۇراتتى .

بىز كوچىدىن گۇزەرگە چىقتۇق ، "قاسقان بازىرى" تەرەپكە كېتىۋاتىمىز . قەشقەر شەھرى شىنجاڭ بويىچە چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرسى بولۇپ ، ئەتراپى قېلىن ، ئىگىز سېپىل بىلەن ئورالغان ، ئاهالىسى زىچ جايلاشقان " مۇئلەر كانى " دەپ ئاتىلغى چىققان بۇ شەھەرنىڭ قۇمدەرۋازا ، توشۇك دەرۋازا ، ياۋاغ دەرۋازا ، يېڭى دەرۋازا دەپ توت چوڭ دەرۋازىسى بار ئىدى (كېيىنكى ۋاقىتتا يەنە ئىككىسى ئېچىلغان) . ئانامنىڭ يول كورسۇتۇشى بىلەن بوۋاي ئېشەكنى ئۇدۇل قۇمدەرۋازىسى تەرەپكە هەيدىدى . مەن ئۆزۈمنى لەگپۇدەك بوش قويۇپ بەرگەن هالدا ئارىلاپ ئارىلاپ كوزۇمنى ئېچىپ ۋەزىيەتنى كۇزىتىمەن . ئوستەڭبويىدىن قۇمدەرۋازا ئالدىغا كەلگىچە يولدا بىزدىن باشقا ئادەمنىڭ قارىسى كورۇنمەيدۇ ... شەھەر قورقۇنۇشلۇق ـ سۇرلۇك قىياپەتكە كىرگەن .

مانا بىز دەرۋازائالدىغاۋكەلدۇق.شەھەرنىڭ يوغان تومۇردەرۋازىسىنىڭ ئىككى قانىتى سەل قىيا ئېچىلغان ( يوغان قوساقراق بىر ئادەم ئاران پاتقىدەك ئوچۇق ) . ئوتتۇرىدىن بىلەكتەك

زەنجىرلىك قۇلۇپ سېلىنغان ئىدى . دەرۋازا ئىچىدە بىر قېرى موماي مىلتىق تۇتۇپ تۇرغان چىېرىككە بىر نەمىلەرنى دەپ يالۋۇرۇپ تۇراتتى . ھېلقى چېرىك بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىپ ، ماڭا بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن ئانام بىلەن ئىشەك ھەيدىگەن بوۋايغا بىر نېمە دەپ ئۆز تىلىدا كالدىرلىدى .

ــ غوجام، بۇ بالا ئەشۇ سېپىلدەك ئېگىز ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشكەن ، پۈتۈن ئەزايى سۇنۇق ، ساق يېرى يوق ، پەرەڭ دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ چىقاتتۇق··· ــ دەپ سوزلىدى ۋە سېپىلنى ئۇ يەردىن يىقىلغانلىقنى دوراپ بولسىمۇ ئىشارەت ــ ھەركەت بىلەن مەقسىدىنى ئۇقتۇردى . دەرۋازىدىن ئەڭ مۇھىم ئىشى بار كىشىلەردىن ، مەسىلەن ، قېرى ــ چۇرى ، جىنازا ... ۋە ئۇنىڭ ئىگىسى قاتارلىقلاردىن باشقا ھەر قانداق كىشىنىڭ كىرىش ــ چىقىشى مەنئى قىلىنىپ بۇيرۇق قىلىنغان ئىكەن. ئانام يەنە بىر نەرسە دەي دەپ تۇرغاندا، ھېلقى قېرى موماي ئەسكەرنىڭ ئالدىغا كېلىۋېلىپ :

ــ غوجام، ئۆيدە ئوتۇن يوق ئىدى، بىر ئۇلاغ ئوتۇن ئېلىۋېدىم، كىرگۈزۈۋېتسىلە······ دەپ تۇرۇشىغا يېنىدىكى بوۋاي قولىدىكى تاياق بىلەن ئىشەكنى بىر سانجىۋىدى، ئىشەك مېنى دەرۋازىدىن غىلىپىدە يىرىق تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن بېشىمىزنى بېسىپ تۇرغان بىر قاراتاغ ئاغىرۇلغاندەك، خۇددى تورغاي تورۇرقە يەردىن ئازات بولغاندەك بولدۇق. ئانام بوۋايدىن ناھايىتى خوش بولدى . بوۋاي ( ھازىر ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ) تازغۇندىن بولۇپ ، شەھەرگە ئوتۇن ئەپكىلىپ ، ئىككى كۈندىن بېرى ئۆزى ۋە چىقالماي قالغان ئىكەن .

بىز شەھەردىن 5 ــ 4 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سەمەن يېزىسىنىڭ " گۈگۈتچى مەھەللىسى" گە چىقتۇق . ئۇ يەردە پاتىمە ئاچام دىگەن دادامنىڭ ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق . مەن شۇ كۈنى " كېسەل " دەكلا ياتتىم . ئانامىلار بوۋاينى ياخشى رازى قىلىپ يولغا سېلىپ قويدى.

مەھەللە كويلار بىردىن ــ ئىككىدىن كىرىشىپ، مېنى كورۇشتى. تىچ ــ ئامان بۇ يەرگە قېچىپ چىققۋالغانلىقىمىزنى قارشى ئېلىشتى ۋە بىر قانچە ۋاقىت ( مېھمانلارنىڭ ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا " جاھان تىنجىغىچىلىك" ) ئۆيدىن تالاغا چىقالىغىنىمنى ، خۇسۇسەن چوڭ يوللارغا، پەشەنبە كۈنلىرى ياكى دىخانلار ئۆزلىرى ۋاقتىنچە يېتىلىپ ئېلىم ــ سېتىم قىلىدىغان يىراق يېقىندىكى يېزا بازارلىرىغا بارماسلىقىمنى ······ تاپىلاشتى . شۇنىڭدەك قولغا لازىم بولسا ئۆز بىر تۇققىنىمدەك كىرۇپ ياردەم بېرىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى . بىز بۇ كىشىلەرنىڭ ياخشى نىيەتلىرىگە رەھمەت ئېيتتۇق ۋە ئاجايىپ خۇرسەن بولدۇق .

☆ ☆

ئانا ، سەن مېنى ئاپەتتىن ــ ئۆلۈمدىن ( بېشىمغا كېلىدىغان ھەر بالا ــ قازادىن) مۇشۇنداق قۇتقازغان . مەن سەندىن مىڭ كەررە خوشال ! مېھرىبان ئانا ، مەن سېنى ھورمەت بىلەن ئەسلەيمەن . سېنىڭ ئوتلۇق يۈرىكىڭدە : " مېنىڭ ئوغلۇم كەلگۈسىدە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز ، ئېزىلگەن خەلقىمىزنىڭ ئومۇمى مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىرچەس توھپىلەرنى قوشسۇن ! " دىگەن بىر مۇقەددەس ئارزۇ بار ئىدى . سەن مېنى مۇشۇ ئۇلۇغ مەقسەت بىلەن ئاسراپ ، دۈشمەندىن قوغداپ ، ياخشى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشتاڭ . ئانا ، مەن بالىلىق ــ پەرزەنتلىك قەرزىمنى چوقۇم ئادا قىلىمەن ! سەن بۇنىڭغا ئىشەن !

1984 ــ يىلى، ئاپرېل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# شېئىرلار

## نۇر مۇھەممەت ئېركى

مۇھەررىر ئىلاۋىسى :



قابىلىيەت ـ ئىقتىدارى ئۇرغۇپ تۇرغان ، مول ئىجتىمائىي بىلىمگە ئىگە پېشقەدەم شائىر نۇر مۇھەممەت ئېركى 1984 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مېڭىسىگە قان چۈشۈپ بەختكە قارشى ۋاپات بولدى .

نۇر مۇھەممەت ئېركى 1927ـ يىلى قەشقەر شەھرىدە بىر زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى 1944 ـ يىلى « قەشقەر گېزىتى » نىڭ باسما زاۋۇتىدا ئابۇرشىك بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىدا باشلىنىپ ، تۇنجى قېتىم «ۋەتەن شەنگە» دېگەن شېئىرى بىلەن مەتبۇئات سەھنىسىدە كۆرۈنگەن . 1946 ـ يىلدىن باشلاپ " ئېركى " تەخەللۇسى بىلەن ئۆز ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرغان . ئۇ شۇ يىللاردا « قايىنام ئوركەشى غەزىلىگە مۇخەممەس » ، « ياشاش ئۈچۈن كۈرەش » ، «ئاڭ» قاتارلىق شېئىرى ئەسەرلىرى ئارقىلىق خەلقنى كومىنداڭ ئەك

سىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەشكە ئۈندىگەن ، باشتىن ـ ئاخىر خەلق بىلەن بىللە ياشىغان .

شائىر ئازاتلىقتىن كېيىن ، جەڭگىۋار ئىدىيە، يۇقىرى بەدىئىلىككە ئىگە نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ ، پارتىيىنى ، ئىلىم مەرىپەتنى ، خەلقنى ۋە ۋەتەننى، سوتسىيالىستىك مېھنەتنى، پاك سۆيگۈ مۇھەببەتنى قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىدى ، قەھرىمانلىق ، مەرتلىك ، كويۇمچانلىق ، ئۆز ئارا ھەمكارلىق قاتارلىق ئالىجاناب خىسلەتلەرنى كۈيلىدى ، ئۆزلىگىدىن تىرىشىپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىپ ، پارس شائىرى ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرى بىلەن « تىبىي يۇسۇپى » دېگەن كىتابىنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تەرجىمە قىلدى. "ئەشۇ 10 يىلدا " ، « قۇياشتىن زەررە » ، « مۇھەببەت لېرىكىلىرى » ، « 500 رۇبائىي » قاتارلىق شېئىر توپلاملىرىنى تەييارلىدى، «رۇبائىيات » قا تەھرىرلىك قىلدى ، 1983 ـ يىلى شائىرنىڭ « بۇلبۇل ۋە باھار » ناملىق شېئىرلار توپلىمى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان ئىدى .

نۇر مۇھەممەت ئېركى پېشقەدەم شائىر بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن تىلشۇناس ۋە چەت تىل ئەدەبىي تەرجىمانى ئىدى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى ، «قەشقەر ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىنىڭ سابىق تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى « قەشقەر گېزىتى » نىڭ مۇھەررىرى ئىدى .

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ، ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتى ، ۋىلايەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى ، « قەشقەر ئەدەبىياتى » تەھرىر بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلار شائىر نۇر مۇھەممەت ئېركىنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىدۇ .

مەرھۇمنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا شائىرنىڭ ئېلان قىلىنمىغان بىر قىسىم شېئىرلىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## مەن ئەدىپ بولدۇم ۋەتەن دەپ . . .

( تەرجىئى بەند )

مەن ئەدىپ بولدۇم ۋەتەن دەپ ، يوقسە يازغان نەكېرەك؟
ئاختۇرۇپ دۇررى ـ جاۋاھىر تاشنى قازغان نە كېرەك؟
قىلمىسا ۋەتەننى مەزمۇن شېئىر، رومان نە كېرەك؟
ۋەتىنىم دەپ ئوقۇدۇم مەن، يوقسە ئىرپان نە كېرەك؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇرتقا زىننەت بەرمىسە ، ئالىم ۋە نادان نەكېرەك؟
بولمىغىلىك پەن تەختىگە ئەڭ كاتتا سۇلتان نەكېرەك؟
مەن تۇغۇلدۇم ۋەتىنىم دەپ ، يوقسە ئىنسان نە كېرەك؟
يۇرتىنى گۇللەتمىگەن ئۇ ، قىز ۋەئوغلان نەكېرەك؟
ياخشى پىكۇر ، قەددي قامەت ، شۇنچە ئۇسقان نە كېرەك؟
جەڭچى بولدۇم ۋەتىنىم دەپ ، يوقسە پالۋان نە كېرەك؟
قارغا پاتماق ، مۇزدا ياتماق، يەپ شىۋىرغان نە كېرەك؟
پەيتى كەلسە بەرمىگىلىك مەردانە قۇربان نەكېرەك؟
تۇرسا جانانىم ۋەتەندەك ئۆزگە جانان نە كېرەك؟
كويىمىسە جانان يولىدا تەنگە بۇ جان نە كېرەك؟

× ×

شېئىر يازماققا كىرىشتىم ، ئىقتىدارسىز مەن بىراق،
يازغىنىمنىڭ كوپى ياپراق ، گۇل ئانارسىز مەن بىراق،
ۋەتىنىمنىڭ بۇيرىغى بۇ، ئىختىيارسىز مەن بىراق،
بۇنى ئىجرا قىلمىسام ، ئەلۋەتتە ئارسىز مەن بىراق،
قارىيالمايمەن بۇ ئىشقا ، ئېتىۋارسىز مەن بىراق،
يول يىراق ۋە ئات ئورۇق، يولغا يارارسىز مەن بىراق،
خوش ئۇنۇم ناخشام ئۇچۇن ، بىر شوخ دۇتارسىز مەن بىراق،
چۇنكى قالدىم بىر زامانلا نەۋ باھارسىز مەن بىراق،
تىلغا ئۇردى شۇم موھور ، بولدۇمكى كارسىز مەن بىراق،
شۇ بۇگۇن ئانداق تىكەندىن دەل ئازارسىز مەن بىراق،
تىل ئېچىلدى ، قەلبى پارلاق بىر غۇبارسىز مەن بىراق،
شۇڭا ئېيتمايمەن پەقەت بۇ چاغدا يارسىز مەن بىراق،
تۇرسا جانانىم ۋەتەندەك ، ئۆزگە جانان نە كېرەك؟
كويىمىسە جانان يولىدا ، تەنگە بۇجان نە كېرەك؟

× ×

ۋەتىنىم دەپ يەر تېرىيمەن، مەن ۋەتەننىڭ دېخىنى،
ئىشلىتىپ بۇ ياخشى يولدا بار كۇچۇمنىڭ ھەممىنى،
مەن دىدىم : ۋەتەن كۇچەيسۇن ، كوپ بولۇپ ئاشۇ ـ نېنى،
قان دىگەن ئىنسانغا قانداق؟ قان دىگەن ئىنسان جېنى،
ئاش دىگەن ۋەتەنگە شۇنداق، ئاش دىگەن ۋەتەن ئېنى،
ئاش ئىتەر باي ، ئاش ئىتەر گۇل ، ئاش ئىتەر ئەلنى غېنى،
ۋەتىنىم شۇ ئىشقا بايدۇر ـ ۋەتىنىم ئاشنىڭ كېنى ،
تويغۇزار بىر ئىرغىسا ، ھەتتاكي ئالەم خەلقىنى،

ئەرتە سەن قىلغىن تاماشا، بۇ ۋەتەننىڭ ھوسنىنى،
ۋەتىنىم ئالەمگە مەشھۇرشالۇ، بۇغداي ۋەتىنى،
ھورنى! ھەم ھەسرەتتە قويغان شەھرى بىرلە ئورمىنى،
مەن نىچۇك يىمەي مۇشۇنداق بىر ۋەتەننىڭ ئىشقىنى،
تۇرسا جانانىم ۋەتەندەك، ئوزگە جانان نەكېرەك؟
كويىمسە جانان يولىدا، تەنگە بۇ جان نە كېرەك؟

× ×

ۋەتىنىم دەپ ئىشچى بولدۇم، كورسىتەي ئىجات، ھۇنەر،
پۇل ئۇچۇن ئوتتەك يىنىپ، مەن ئاتىمىدىم سۇدەك مەگەر،
ۋەتىنىم ئىقبالىنى مەن ئويلۇدۇم سالدىم نەزەر،
ئىشچى ئۇ، ۋەتەن قۇرۇشتا چوڭ كوزوردۇر كاتتا سەر،
ۋەتىنىم دەپ ئىشچى بولدۇم ئاقتۇزاي بۇ يولدا تەر،
ئىشچىنىڭ فابرىكا، زاۋۇت ... ھەممىسى كانغا قەدەر،
يوق بۇگۇن شەخسى خوجايىن، قان شوراۋدي سالچىلەر.
پايدىسى ئوز پايدىمىزدۇر، زەررى بىزنىڭ زەرەر،
ئىشچى بولدۇم ۋەتىنىم دەپ، باشلىدىم بىر چوڭ سەپەر.
ھەمدەمىم دىخان، زىيالى، دەل يەمەن بىرلە يەسەر،
بۇ ئۇلۇغ سەپداشلىرىم بىرلە چاچاي يۇرتۇمغا زەر،
ۋەتىنىم گۇلدەك كوزۇمگە ـ كۆرنەر شامۇ ـ سەھەر.
تۇرسا جانانىم ۋەتەندەك، ئوزگە جانان نە كېرەك؟
كويىمسە جانان يولىدا تەنگە بۇجان نەكېرەك؟

× ×

ئىككى پەللە: بىرسىدە باردۇر ۋەتەن مۇھەببىتى،
بىرسىدە ئومرۇڭدىكى ئەڭ كاتتا ئىش ـ توي رىغبىتى،
بولدى شۇ پەيتتە ۋەتەننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ جەڭ پۇرستى،
ئالدىرايدۇ توي كۇنىگە ئات سوراپ، جانان خېتى،
شۇندا ئەقلىڭنى سىنايدۇ ئىككىسىنىڭ قىممىتى،
ۋەتىنىم كەلدى كوزۇمگە ـ ئىككى ئالەم جەننىتى،
رەتكە «ئىككىنچى» قىلىپ، تىزدەكى قىزنىڭ سوھبىتى
تارتتى كوڭلۇمنى ۋەتەننىڭ، دەل ماگنىتى قۇدرىتى،
باستى تويىنىڭ لەززىتىنى، يۇرت جىڭىنىڭ كۇلپىتى،
قارا دوستۇم! زور ۋەتەننىڭ ئىشتىياقى قۇۋۋىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كاتتا مىڭ قىز كۆلكىسىدىن زەررە يۇرتنىڭ ھۆرمىتى،
مەن ئەشۇنداق بىر گۈزەل مەھبۇبەنىڭ چىن ئولپىتى.
تۇرسا جانانىم ۋەتەندەك ، ئۆزگە جانان نە كېرەك؟
كويىمىسە جانان يولىدا ، تەنگە بۇجان نە كېرەك؟

× ×

ۋەتەنىم قەلبىمدە بار ، تىلەك قامىتىم دال قىلمىغاي،
ئۇ ، بېرىپ رەڭگىمگە نۇر، يۈز ياشتا مەم چال قىلمىغاي،
ۋەتىنىم قەلبىمدە بار، ئەقلىمنى ئۇ ، گال قىلمىغاي،
دۈشمىنىمگە سىرنى ئېيتىپ نامە ئىرسال قىلمىغاي،
چاپسا، كەسسە بەلكى توغراپ تەننى مىڭ تال قىلمىغاي،
ۋەتىنىمگە زىت چۈشەنچە دىلنى ئىشغال قىلمىغاي،
ئال چۈشۈپ كوڭلۈم يىرىگە ، ئۇ ، كېسەل ـ ئال قىلمىغاي،
ئۇچرىسام ئاز ـ پاز ئەمەلگە ئىددىيەم ھال قىلمىغاي،
ۋەتىنىم قەلبىمدە بار ، كۆلىمە قەمەرلال قىلمىغاي،
يېڭى چىققان ئاي قېشىغا ، تەننى غال ـ غال قىلمىغاي،
كوتۈرۈلگەن مەيدىسىگە كوزنى پال ـ پال قىلمىغاي،
جادۇ كوزلەر مېنى ھېچ چاغ باشقا ئەھۋال قىلمىغاي،
تۇرسا جانانىم ۋەتەندەك ئۆزگە جانان نەكىرەك؟
كويىمىسە جانان يولىدا ، تەنگە بۇ جان نەكىرەك؟

× ×

ۋەتىنىم سەن پەخىرلەن ! سۆزۈلدى چاڭ ـ توزانلىرىڭ،
تىكلىدى چوڭ قەددىنى يۈكسەك ئۈمىت ـ ئەرمانلىرىڭ،
يۇمدى خاتىرجەم كوزىن ، بۇگۈن ئۈچۈن قۇربانلىرىڭ،
پاكلىنىشقا باشلىدى شۇم قارغىدىن رەيھانلىرىڭ،
ۋەتىنىم سەن پەخىرلەن ! شىردەك يىگىت چوكانلىرىڭ،
بەك بۈيۈكتۇر، بەك بەلەندۇر كەلگۈسى دەۋرانلىرىڭ،
باشلىدىڭ زور كەلگۈسىنىڭ ئۈستىدە جەۋلانلىرىڭ،
خەندە قىلدىم مەن كورۈپ ، ھازىرقى چوڭ خەندانلىرىڭ،
ۋەتىنىم سەن پەخىرلەن ! تىچ، دەخلىسىز بوستانلىرىڭ،
ھەر بىرى بىر نەيزىدۇر دۈشمەن ئۈچۈن ئورمانلىرىڭ،
كۆزنەر قاپاق تۇرۇپ سەزگۈر بۇلۇت ـ ئاسمانلىرىڭ،
ھەممىمىز سەندەك گۈزەلنىڭ جان تىكەر پاسبانلىرىڭ،

تۇرسا جانانىم ۋەتەندەك ، ئۆزگە جانان نەكېرەك؟
كويىمىسە جانان يولىدا ، تەنگە بۇ جان نەكېرەك؟

× ×

ۋالىدەم ئۆستۈردى باقتى ، بول يىگىت قاۋۇل دىدى،
مېنى تاپشۇردى ۋەتەنگە ، بۇ بالاڭ دادىل دىدى،
ھەممىدىن ئەلاسى شۇ : ۋەتەنگە خىزمەت قىل دىدى،
بولما تۇزكور ، ۋەتىنىڭنىڭ ئەجرىنى سەن بىل دىدى،
ئوقۇ ماركسىنىڭ كىتاۋىن ، ئۆگىنۈپ كامىل دىدى،
ئوقۇغىن قۇرئان يەنە تەۋرات بىلەن ئىنجىل دىدى،
ۋەتىنىڭنى دوس تۇتۇشنى ھەر كىتاپ ، ھەر تىل دىدى،
ۋەتىنىمگە مېھرى يوقتىن ، يوق يامان غاپىل دىدى،
كىم ۋەتەننى سويمىسە ، ئوز ـ ئوزىگە قاتىل دىدى،
سەن ئوزەڭ " ئىنسان " ئاتارسەن ، بەر ۋەتەنگە دىل دىدى،
ھەرنە ئازاتلىق ـ ۋەتەن سويەەك بىلەن ھاسىل دىدى،
ھەرنە روناق تاپمىقىڭغا ئىبركى ئۇ ئامىل دىدى.
تۇرسا جانانىم ۋەتەندەك ، ئۆزگە جانان نەكېرەك؟
كويىمىسە جانان يولىدا ، تەنگە بۇ جان نەكېرەك؟

1983 ـ يىلى، 1 ـ ئاينىڭ، 8 ـ كۈنى، قەشقەر،

## بىر دىنچى خەت

تاپمىدىم جامال ھەرگىز، سەندىكى جامال ئوخشاش،
شۇنچىلىك كېلىشكەن ئۇ، قاشلىرىڭ ھىلال ئوخشاش.

كوزلىرىڭ ئىسكەن جاللات، قەتلى قىلدى ئادەمنى ...
سوزلىرىڭ ھايات بەردى، ئۇ ـ پەقەتلا بال ئوخشاش

يۈزلىرىڭگە گۈل ئوخشاش، بەلكى گۈلمۇ قۇل ئوخشاش،
بويلىرىڭ گۈزەل قەشقەر باغلىرىدا تال ئوخشاش.

بىر كۈلۈپ قاراش بىرلە، دىلنى ئەيلىدىڭ مەفتۇن،
خۇد ناۋايى شېئىرىدەك بىر نەپىس خىيال ئوخشاش ...

تاشلىدىم مۇھەببەتتىن، ئويغۇتۇشقا بىر ئالما …
دىلدىكى ھارارەتكە، بۇ ئىدى ئامال ئوخشاش.

بار ئىدى ساڭا پىكرىم، سويگۇ بابىدىن ئازراق …
بۇنى سەن قوبۇل قىلىپساڭ ئاي يۈزۈڭگە خال ئوخشاش.

سۇ بويىدا ساقلايمەن، سوزلىشىشكە خۇشتارمەن …
كۈتىمەن جاۋابىڭنى، بۇ — خېتىم سۇئال ئوخشاش.

1968 — يىل، ئوكتەبىر، قەشقەر.

## يازغۇچىنىڭ ھاياتى

تىرىكلىكتىن تەسەببەم شۇ ئىكەن شائىر ئاتاق ئالدىم،
ۋەتەننىڭ دەردىدىن ئەلھەمدۇلىللا بىر قۇچاق ئالدىم.

جاھاندا ئاقچى تاپماقنى بولەك يۇرتداشقا قالدۇردۇم،
قىلاي دەپ ئەل ئۇچۇن خىزمەت «قەلەم» ئاتلىق ياراق ئالدىم.

جاھاندىن ئوتتى لەر ئومرۇم، ئىلىمگە ياخشى سوز ئىزدەپ،
خىيال بازىرىدىن قەلبىمدە مەن لايىق قوشاق ئالدىم.

ئىبزىز ئەۋلات، ھاياتىمدىن پەخىرلەن زەررە شەك قىلما:
ئوزۇم ھەر بىر زامانلاردا خۇشامەتتىن يىراق ئالدىم.

ھايات —شېئىرىي ھايات، شىرىن ھايات، دەرتلىك ھايات بولدى،
خىيال —شېئىرىي خىيال، شىرىن خىياللەردىن تاماق ئالدىم.

ھەقىقەت، خەلق ئۇچۇن ئىزدەپ كوچۇردۇم خاكسارلىقنى،
جامائەتنىڭ ھىساۋىغا، بېشىمغا مىڭ تاياق ئالدىم.

ھاياتىمدىن قىلىپ توھپە، قولۇمغا: «ئەلگە خىزمەت» دەپ،
مۇشۇنداق ئېبركى ئىستىقبال ئۇچۇن بىر جام ھاراق ئالدىم!

1970 — يىل، قەشقەر.

## سەزمەسلەر يەنە

بىزدە مەۋجۇت، يازۇ ـ قىشنى تېخى سەزمەسلەر يەنە،
كونا قاتمال پىكىردىن ئۈممەت ئۆزەلمەسلەر يەنە.

«دەۋرى ئۆزگەردى» دېسەك، ئۆزگەردى دەپ باش لىڭشىتار،
ئاڭا لايىق ئۆزگۈرۈشنى ئۆزى بىلمەسلەر يەنە.

دەيدۇ دەۋران، ئىشلىگىن دەپ، دەل زامانلاشماق ئۈچۈن،
شۇ نىيەتتە قىزىدى، ھەر جايدا بەس ـ بەسلەر يەنە.

دەۋرى پەرمانىچە تۇرساڭ، ئىشقا ئۆتەك قىزىقىپ...
ئۇتۇقۇڭدىن يىغلىغاي قىسمەن كورەلمەسلەر يەنە.

بىر كوچەت ئەردىم خازان...، ئالسام باھاردىن بىر نەپەس،
ئاغزى كۈلدى سەت رەقىبىنىڭ دىلى كۈلەمەسلەر يەنە.

قولدا قايچا، قايچىلار ئۆتسەڭ ئۈنىڭدىن سەل ئۇسۇپ...
يىرتىغىڭنى مارىغاي، ساق يەرنى كورمەسلەر يەنە.

ھىجىيىپ ئالدىڭدا ماختار، قۇيرۇغىنى ئوينۇتۇپ،
ئارقىدىن قالماس قاۋاپ... ئەمما يېتەلمەسلەر يەنە.

ياخشى دوستلار ئىشلە ياخشى، يولدا پۇتلاشلارنى تەپ!
يېڭى دەۋرانىنىڭ تىغى، كىم پۇتلىشار كەسلەر يەنە.

دەۋرىمىز، دەۋرانىمىزغا ئىقتىدار ۋە ئىش كېرەك!
ئۇ قۇرۇق گەپنى ياراتماس كەيسە ئەتلەسلەر يەنە.

پارتىيەم، ئەي باغۋىنىم! ياش مايسىلارنى ئاسرىغىن!
بار تېخى «ئېركى» جاھالەت مېيى دىن مەسلەر يەنە.

1980 ـ يىل، نويابىر

قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# جەنۇپ سەپىرىدىن خاتىرىلەر

تۇرغۇن ئالماس

## ئازاتلىق كۈيچىسى

( ل مۇتەللىپنى ئەسلەپ )

خان تەڭرى باغرىدىن كېلىدۇ ئېقىپ ،
كۆكىرەپ ، دولقۇنلاپ ئاقسۇ دەرياسى .
شۇ دەريا بويىدا ، يالغۇز قەۋرىدە،
ياتىدۇ مۇتەللىپ ــ ھورلۇك سىماسى .

كەلگەندە مۇقەددەس قەۋرى تۇۋىگە ،
جۇغرۇقۇپ تەنلىرىم ، ئىگىلدى بېشىم ،
قوشۇلدى دولقۇنلۇق دەريا سۈيىگە ،
ھەسرەتتە تاراملاپ ئاققان كۆز يېشىم .

سەن ئىدىڭ بىر يۇلتۇز قاراڭغۇ تۈندە ،
بۇلۇتلار كۆكسىنى يىرىپ ــ چاقنىغان .
سەن ئىدىڭ بىر بۇلبۇل ئەلنى ئويغىتىپ ،
ئازاتلىق كۈيچىسى بولۇپ سايرىغان.

سېنىڭدىن ئۆلگىدەك چۈچىغان قانخور ،
بېشىڭنى كەسكەندە كۈلدى قاقاھلاپ.
ۋە لېكىن كۈلكىسى بارىدى ئۇزاق،
ئازاتلىق مەشئىلى ياندى چاراقلاپ.

ھەيۋەتلىك خان تەڭرى قىيا تاشىغا،
شۇ ئۆلمەس نامىڭنى نەقىشلەپ ئويدۇق.
قەۋرەڭنىڭ ھەسرەتلىك ، مۇڭلۇق باشىغا،
ياپ ــ يېشىل ئارچىدىن كوچەتلەر قويدۇق.

ھەر كېچە رۇجەكتىن باقسام يىراقتا ،
چاقنايدۇ بىر يۇلتۇز قەۋرەڭ ئۈستىدە.
شۇ يۇلتۇز غايەڭگە بولۇپ بىر نىشان ،
ئەبەدىي چاقنايدۇ ۋەتەن كۆكىدە .

1983 ــ يىلى 22 ــ ئىيول، ئاقسۇ.

## ئەسلەش

[illegible]

( كورلا قىزىغا )

1

بىلمىدىم نەسەۋەپ سېنى چۈشۈمدە،
پات ـ پاتلا كورۈمەن ئايدىڭ سەھەردە.
تۇرىسەن، ياشلىقىڭ چېچەك ئاتقان شۇ،
قىرىق يىل بۇرۇنقى گۈزەللىكىڭدە.

ئويغىنىپ قارىسام كىملەر يادىمغا،
دەل ئەشۇ چاغدىكى ھوسنى جامالىڭ.
ھەر قاچان ئەسلىسەم سېنى ئەي دىلبەر،
ئوت بولۇپ كىرىسەن قەلبىمگە مېنىڭ.

II

قىر قىنجى يىللىرى باغراش دولقۇنى،
غەزەپلىك قوزغۇلۇپ كۆكىرەپ تۇرغان.
تۇمانلىق كۆنلەرنىڭ قىممىتى بىزنى،
زار ـ زار قاخشىتىپ، يىراقلاشتۇرغان.

شۇ كۈنى كېتەردە قارىسام ئارتقا،
سەن قالدىڭ ياش توكۈپ، ماڭا تەلمۈرۈپ.
سەل ئوتتۇپ تۇمانلار قوينىدا گويا ـ
مەن سېنى كورەلمەي كەتتىم ئاھ ... ئۇرۇپ.

III

ئىخ ... بۈگۈن ئۇچرۇشۇپ قالدۇق تۇيۇقسىز،
چېچىڭگە قونۇپتۇ كومۇشرەڭ قىرو.
ۋە لېكىن نۇرلىنىپ كېتىپتۇ ھوسنىڭ،
بىلمىدىم، بەختىڭنىڭ بەلگۈسىمۇ بۇ ؟

1983 - يىل 24 - ئاۋغۇست كورلا

## پارچىلار

ئۆزۈلىسە ئۇمىدىم سازنىڭ تارى،
قىرىتالماس ئۇمۇرنىڭ چاچتىكى قارى.

× × ×

ئىچى تار مەخلۇقتىن چىقمايدۇ ئادەم،
ئويۇل تاش ئىچىدىن چىقمىغاندەك سۇ.
ساتقۇنلار بولىدۇ راسۋايى ئالەم،
تۇلكىدىن مىڭ ھەسسە بولغاندىمۇ قوۋ.

× × ×

دەپتىكەن دانىشمەن: «تەسادىپ ئامەت ـ
ئىنسانغا ئۇشتۇمتۇت يولۇقماس ئاسان.»
بەختلىك، بەختسىز بولۇشىمۇ بەلكى،
تەبىئى تەقدىرمۇ، جاۋاپ قىل ئىنسان.

× × ×

قوزغۇنغا ياندىشىپ لاچىنىڭ قاچان،
بىر شاخقا قونغىنىن قېنى كىم كورگەن ؟
بورىنى دوست تۇتۇپ مەردانە سەركە،
ئۆمرىنى تىنچ ـ ئامان قەيەردە سۈرگەن.

1983 - يىل 4 - ئاۋغۇست
قەشقەر.

# قالمىسۇن

(مۇخەممەس)

هامۇت مەھمۇدى

ئى قەلەم، يازغىلى بۈگۈن كۆڭلۈڭدە ئەرمان قالمىسۇن،
ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆرغىغان ھېچ ئاھۇ ئەپغان قالمىسۇن،
كەڭ غۇلاچلار ئاتمىغان تارىم زەرەپشان قالمىسۇن،
قازمىغان تارىختىكى ھېچ بىر شەرەپ شان قالمىسۇن،
يازمىغان شەيخ سەئدىچە "بوستان ـ گۈلۈستان" قالمىسۇن!

بولدى مەتبۇئاتتا ھورۇككە ئىگە جۇڭخۇا ئېلى،
كەڭ تاشا سايراپ ئېچىلدى ھەممىنىڭ بۇلبۇل تىلى،
ھور قەلەمدىن تامدى شەربەت، ئىچتى شۇ ئەلنىڭ دىلى!
ئۇلغىيۇپ ئاققاي يانا ئۆركەشلىنىپ يىلدىن يىلى...
بۇ شاراپ بار داستىخان سىرتىدە مېھمان قالمىسۇن!

ياز يېڭى جۇڭگونى ياز، نەپرەتتە "سىرىن باڭ" نى ياز!
ئۆنچىسلار خانىۋەيران ئەيلىگەن شىنجاڭنى ياز،
خەلق ئىچىدە تۇرغۇزۇلغان بارچە ئىلغار ئاڭنى ياز،
تارقىلىپ كەتتى تۇمانلار، بۇ سۈزۈلگەن تاڭنى ياز،
يازمىغان تاڭ ئەلچىسى ئاسماندا چولپان قالمىسۇن!

ئۇشبۇ تاڭدىن بوندى مەمنۇن چوڭ ـ كىچىك ھەتتا بوۋاق...
مىسلى پونتاندەك ئېتىلدى كوزلىرى تىنغان بۇلاق،
بولدى خالى پىتنە ـ ئىغۋا، قايغۇدىن باش ھەم قۇلاق،
ئەسلىنىپ ئۆتمۈشلىدىن ئاللاقتا تارىخى ساۋاق،
بۇ ساۋاقلارنى تولۇق ياز، دىلدە پىنھان قالمىسۇن!

يادىلىدىم ئۆتمۈشتە ئۆتكەن ۋاقىئەلەرنى تامام،
قىلدى زۇلمەت قايسى ۋاقتىن قايسى ۋاخلەرگە داۋام؟...
قاي سەۋەپتىن بولدى خەلقنىڭ كوڭلى شۇنداق بىئارام؟!
بۇنى چوڭقۇر ئويلىنۇرمەن كۈن ۋە تۈن ئالماي ئارام...
ياز بۈگۈن، يازماي كىيىن كوڭلى پەرىشان بولمىسۇن!

ياز پۈتۈن، ئۆتمۈشتىكى تارىخنى تەتقىق ئەيلىبان،
نام ـ نىشانسىز كەتمىسۇن، بار كوپ ئاساسلىك قىل بايان!
بولسىمۇ يۈز يىلقى ئىشلار بىزگە بەش قولدەك ئايان،
بىلمىگەي خەلق قايسى ۋەقە بولدى مىڭ يىلدىن بۇيان؟...
يازمىغان ھەتتاكى سەن ئاتۇشتا سۇلتان قالمىسۇن.

بەلكى ئىلگىرىلەپ ئۇلۇغ تەكلى ماكانىنىڭ سىرىنى ئاچ،
شۇم خوراپاتتىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈپ سەن ئىرى قاچ،
ئىلمى ئىرپانىنىڭ ھەقىقىي نۇرىنى ئالەمگە چاچ،
شۇنچە ئىمكانلار تۇرۇپ يازماققا بولما نائىلاج
ئىزدىنىپ سەن يازمىغان ھېچ دەۋرى-دەۋران قالمىسۇن.

سەن بۇرۇن بىھۇدە ئۆتكەن كۈنلەرگە پۇشمان قىلىپ،
قانچە پەيتنى كەتكۈزۈپ قويغانغا مىڭ ئەرمان قىلىپ...
ئۈندىكى ئاچچىق ساۋاقنى دەرت ئۈچۈن دەرمان قىلىپ،
ياز ۋەتەن بولسا چىراق، پەرۋانىدەك جەۋلان قىلىپ...
يازمىغان كۆڭلۈڭدىكى ھېچ ئىشقى جەۋلان قالمىسۇن!

سەن بۈگۈن بولغىن ۋەتەننىڭ ئىشقىۋاز ئەرك بۇلبۇلى،
مەشۇقىڭ بولسۇن كۆكۈل گۈلزارىنىڭ غۇنچە گۈلى،
سەن تەبىئەتنى قىلىپ قۇل، بولمىغىن قۇلنىڭ قۇلى؛
دىلگە چوڭ ئىلھام مەدەت، تارىختىكى "يىپەك يولى"...
يازمىغان ئۆتمۈش سەپەردىن ئەھلى كارۋان قالمىسۇن!

"تۇسقىنى بولمايدۇ كۈننىڭ نۇرىنى ئېتەك بىلەن،
بىز تاۋا كەيمەستىمۇ رەخ توقىغان يىپەك بىلەن،
سەنئىتىم دۇنياغا داڭ كەتكەن راۋاپ ـ غىجەك بىلەن،
سۆيۈمىز بۇ شانۇ ـ شاۋكەتنى ھامان يۈرەك بىلەن،
سەن نامايان قىلمىغان ھېچ خەيرى ئىھسان قالمىسۇن!

بۇ مۇقەددەس تۇپرىغىنىڭ ئېتىكى ئوكيان ئىرۇر،
بەلكى ھەر بىر تامچىسى خەلق دەردىگە دەرمان ئىرۇر،
كىم ۋەتەننى سۆيمىسە، ئۇنىڭ كۆڭلى ۋەيران ئىرۇر...!
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن زېمىن جاندىن ئەزىز ـ جانان ئىرۇر،
مەدھىيىلەپ سەن يازمىغان بۇ سۆيگۈ جانان قالمىسۇن!

شۇل ۋەتەن پەرزەندى بولغانغا تولۇق مەمنۇن بولۇپ،
قىلچىمۇ رىشتەنى ئۈزمەي سۆيۈمەن مەپتۇن بولۇپ،
گەرچە ئۇ بولغاندا لەيلى، كۆيىمەن مەجنۇن بولۇپ...
سەنمۇ ھەم دەرس ئۆت بۈگۈن ئەلگە تىرەن مەزمۇن بولۇپ،
ياز تولۇق مەردنى سىناپ، ھېچ مەردو ـ مەيدان قالمىسۇن!

ياز ئىرادە سەھنىسىدە دائىما كۆكرەك كېرىپ!
قالمىغىن سەن ھېچ قاچان بەلكى يېرىم يولدا ھېرىپ،
كەتتى نى ئەجدات "سۇباتلىق" نىڭ ئۇرۇغىنى تېرىپ...
ئاچ ھەقىقەتنى داۋاملىق "قالمىغاي دەۋا قېرىپ!"
ياز ـ پولات ھوججەتنى ياز، ئىنكارغا ئىمكان قالمىسۇن!

www.uyghurkitap.com



چىقتى بىزدىن قانچە ئالىم ـ پارابى، ناۋايىمۇ...
بىز ئۈچۈن گويا ھەسەلدۇر قالدۇرغان كىتابىمۇ،
شۇنچە شېرىندۇر ئەجەپ سۇنغان ئۇنىڭ شارابىمۇ،
بار ئۇنىڭدا قانچە ھېكمەتنىڭ سوئال ـ جاۋابىمۇ...
بۇ جاۋابتىن بەھرىمەنسىز ئىشچى ـ دىخان قالمىسۇن!

ئوز بىلەن بىزگە ئەمەسمۇ نامى «مەھمۇد قەشقەرى»
قىل سىغامدۇ ئۇشبۇ نامغا بۇ دەلىلدىن تاشقىرى؟!
كىمكى ئىنكار ئەيلىسە قارشى چىقار ياشۇ ـ قېرى...
سۆزلىگەي ئىنسان تۈگۈل، "دىۋان لۇغاتىت" گۆۋھەرى،
يازمىغان، ئالەمشۇمۇل بۇ كاتتا دىۋان قالمىسۇن.

بىر زامانداشتۇر ئۇنىڭ بىرلە "يۈسۈپ خاس ھاجىپ" مۇ،
بار ئۇنىڭ قەشقەردە كەيگەن بەلكى ئالتۇن تاجىمۇ،
«ئوردا ئالدى»، «ئوردا ئىشكى» دەپ مەھەللە نامىمۇ ـ
ئۇچمىدى ھازىرغىچە مەزكور گۇۋا ـ ئىسپاتىمۇ...
يازمىغان، بۇ پەخىرلىك "قۇتادغو ..." داستان قالمىسۇن!

چۈشسىمۇ ئەخلەتكە ئالتۇن دات بېسىپ بولمايدۇ مىس؛
بۇكەبى ئالتۇن كىتاپلارنى ئوقۇشقا مەن ھېرىس!...
تەرك ئېتىپ قويمايمە ۋاختىم بولسىمۇ ھەر قانچە قىس؛
سەنمۇ ئىخلاس باغلىغىن بولغاچقا مەندەك بىر ۋەرىس،
بەلكى يازماي دىلدا سوك، ئەپسۇسى ھىجران قالمىسۇن!

بۇ مىراسلارگە بۇگۈن قەلبىمدە ۋارىسلىق قىلىپ،
بولمەن گوياكى زەگەر، ئۇشبۇ زەر قەدرىن بىلىپ،
ھەم يانا ئەجداتلىرىمدەك قولغا كۆرەش سازىن ئېلىپ،
چالىمەن بىر چىن مۇھەببەت رىشتىسىدىن تار سىپىلىپ...
سەن تىرەنلەپ قازمىغان ھىچ مەئنىۋى كان قالمىسۇن!

ئول كىتاب ئاپتورىنى يازغىن رومان ـ داستانلىغا،
بار ئۇرۇن تارىخ بېتىدە چىن ئەسەر يازغانلىغا،
چوڭ تەشەككۈرلار ياغار ھەق كانىنى قازغانلىغا،
خەلق ئوقۇپ سالسۇن نەزەر بۇ مۆۋلىك بوستانلىغا...
سەن بۇگۈن سەيرەتمىگەن ھىچ باغى ـ بوستان قالمىسۇن!

جۇملىدىن « پەرھادى ـ شىرىن »، « تاھىر ـ زۇھرە » داستىنى،
قاي زامان ـ قانداقچە ئۆتكەن ؟ قاز تىرەنلەپ ئاستىنى···
كىمگە مەنسۇپتۇر ئۇلار، تاپقىن دەلىلدىن راستىنى،
يەر ـ زېمىن پاكىت بولۇپ ، ھەتتا گۇۋادۇر ئاسمىنى!···
ھەق بىلەن باتىلنى ئاجرات ، قىلچە يالغان قالمىسۇن!

ئەسلىدە «پەرھادى ـ شىرىن» بۇ دىيار پەرزەندىسى،
بولدى ”خىسراۋ“ چىن مۇھەببەتنىڭ يامان شەرمەندىسى،
”چىينى ـ ماچىن “ دىن تېپىلغاي بەلكى پەرھات جەندىسى···
ئۇ ئەمەسمۇ بىزگە خاس ئەجداتلىنىڭ بەخشەندىسى،
ياز ـ بۇگۇن مىڭ ئۆينى ياز، ئايۋان ـ پېشايۋان قالمىسۇن!

چۈنكى «شىرىن» تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تارىم گىردابىدا···
ئۇ ئىرادە ئۇلگۇسىدۇر چىن مۇھەببەت بابىدا ،
ئۇچمىدى مېھرى شۇڭا ھازىرغىچە ئەل يادىدا،
ئۇ ياشار مەڭگۇ ئەبەت ئەلنىڭكى كوكسى ـ قارنىدا،
بۇنى ئولچەپ كورمىگەن تارازى ـ مىزان قالمىسۇن!

بارغۇ باش ئەگىم تېغىدا «تاھىر زۇھرە» قەۋرىسى،
ئۇچمىدى باغراش بويىدا ئۇنىڭ تارتقان جەۋرىسى···
كەلدى بۇ ھوججەت ـ دەلىللىنىڭ سوزلىنەر بىر دەۋرىسى،
”غۇرىدىن ھالۋا پىشەركى ، بولسا ئىنسان سەۋرىسى“
ھىچ بۇلۇتلار دالدىسىدا ماھى تابان قالمىسۇن!

بىز تونۇلغان ئەسلىدە نازۇك ـ نەپىس سەنئەت بىلەن···
تىڭشىغان بىزنىڭ مۇقامنى كەڭ جاھان ھورمەت بىلەن!
ياغدى مىللى ئىپتىخارلىق بىزگە شان ـ شاۋكەت بىلەن،
قاز ئەشۇ سەنئەت خەزىنەمنى ھامان غەيرەت بىلەن،
ياز ، مۇھەببەت بابىدا ھەتتا «گۇلەمخان» قالمىسۇن!

سەن ئەگەر يازساڭ تولۇق ، خەلقىنىڭ تۈمەن ئاھزارى بار···
جۇملىدىن ”ھەمرايى“ دەك دەرتمەنلىنىڭ مۇڭزارى بار،
«رابىيە ـ سەئىدىن» نى يازغان ئابدىرېھىم نىزارى بار،
قاي بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتا بارساڭ شېئىرىيەت گۇلزارى بار···
قاز ـ پۈتۈن جايلارنى قاز ، ئىدقۇتلى تۇرپان قالمىسۇن!

تەكشۈرۈپ كورگەندە بىزدىن چىقتى نۇرغۇن قەھرىمان،
شوھرىتى ئالەمگە مەشھۇر چىقتى سادىر پەھلىۋان،
چىقتى ھەم موللا بىلالدەك نى ئەدىپ ـ نى ئەرسلان،
چىقمىدى بۇ توغرۇلۇق ئەپسۇس ، بىرەر داستان ـ رومان…
ياز ، نىچوك ياز مايدۇ ؟ دەپ تەشنائى ھەيران قالمىسۇن!

ياز ـ ئاياللار ئۇلگۇسى ئامانىساخانىمنى ياز،
نوزۇگۇم ـ ئىپپارغا ئوخشاش قەھرىمانىمنى ياز،
غولجىدا بوينى كېسىلگەن ئوت يۇرەك مايىمنى ياز،
شۇنچە باي بىز تىمىغا ـ بۇ گەۋھەرى كانىمنى قاز…
يازمىغان ھەتتا شەھىدۇ بەلكى رىزۋان قالمىسۇن!

ياز كىلاسسىك شېئىرىيەتدىن ياخشى خىسلەتلەرنى ياز:
ل. مۇتەللىپ كۈيلىگەن "نەپرەت ـ مۇھەببەت» لەرنى ياز،
ھەم ئۇنىڭ «…ئۇچقۇن» دىكى ئەزايى ئۇلپەتلەرنى ياز،
ئىخ !… ئۇلار زىنداندا تارتقان زۇلمى ـ كۇلپەتلەرنى ياز،
ئۇشبۇ جەڭگە جانىنى تىككەن بىرمۇ قۇربان قالمىسۇن!

"قىرىق ئاۋانگارد» ل . مۇتەللىپ پىكرىنى قىلدى بىجا ،
ماڭدى سەپنىڭ ئالدىدا تۇغچى مۇنىرىدىن خوجا،
ئايلىنىپ يالقۇنغا ئۇچقۇن ، تەۋرىدى ئاقسۇ ـ كۇچا…
ۋەھشى "ئۇ شاۋبىڭ» ئۇلارنىڭ جانىنى قىلدى جۇدا،
ئەسلىنىپ سەن يازمىغان ئۇستازى «مەۋلان» قالمىسۇن!

گۇلنى قىشتىن ئىزلىمەي ، ئىزلە باھارنىڭ يازىدىن…
شۇل باھارنىڭ قەدرىنى سورغىن ۋىسالى ئازىدىن،
شادلىنار ھەتتا شەھەرلەرمۇ باھارنىڭ سازىدىن،
ئولچىسەڭ ئەمما توۋەن تۇرغاي شەھىدلەر غازىدىن ،
يازمىغان ھايات تېغىدىن قەددى ئورمان قالمىسۇن!

كىم قەلەمنى ئات قىلىپ چاپسا بۇگۇن سەھرالىغا…
شادلىنىپ كۇلگەن كوزى چۇشكەي گۇزەل رەئنالىغا،
يولۇقارغۇ نى ئىجابى قەھرىمان دەنالىغا!…
يازغىنى بولغاي ئىمگە چوڭقۇر ۋە باي مەئنالىغا،
سەن زىيارەت قىلمىغان تاغلارچە خامان قالمىسۇن!

تاققا چىقساڭ خوش پۇراقلىق دارى ـ دارمانلار تولا،
رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەرگە پۈركەنگەن يېشىللىق كەڭ دالا،
سانسىز يۇلتۇزغا تەڭدۇر ئوتلىغان قوي، ئات، كالا...
سەكرىشىپ بۇغا ـ مارال ئوينايدۇ شاد جىلغى ئارا،
چىقمىغان پامىر، كۇئىنلون ھەم تىيانشان قالمىسۇن!

قالمىسۇن سەن بارمىغان ھەتتاكى زاۋۇت ـ كارخانا،
قالمىسۇن ھەم ئىلمى ـ پەن، تېخنىكا مەكتەپلەر يەنە،
بول ئەمەلدىن ھەقنى ئىزلەش ئۇقتىغا چىن ئاشىنا!
كۈتمىگىن پانتازىيىدىن سەن ئۆزۈڭگە ھېچ پانا،
تەكشۈرۈپ سەن بارمىغان دەشتى ـ بىياۋان قالمىسۇن!

بارچە ئىلھام مەنبەئىنىڭ كانىنى قازغانلىدا،
بولمىسۇن ھەرگىز شۇئارۋازلىق پۈتۈن يازغانلىدا،
ئۇر رەقىپنى چىن لىرىكا مۇشتۇمى بازغانلىدا؛
خۇش پۇراق بولمايدۇ ھېچ شۇمبۇي، تىكەن ئازغانلىدا...
مەدھىيىلەپ سەن يازمىغان خۇش لالە ـ رەيھان قالمىسۇن!

سەن نەزەر سال كەڭ جاھانغا ـ بەكمۇ ئەتراپلىق قارا!...
كەشپىياتتىن بىر مىنۇت خالى ئەمەستۇر خەلقارا،
بۇ قەدەر ئىلگىرىلىگەن پەنگە توۋەن بەرمە باھا،
بولمىسۇن سوڭرە نادامەتلەر بىلەن كۆڭلۈڭ يارا...
دەرتكە ـ دەرمان تاپمىغان ھەم بىر لوقمان قالمىسۇن!

يەر ئەمەس، پەن ئالدىدا بويسۇندى ھەتتاكى ساما،
نەچچە ئون توننا تۆمۈرنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ھاۋا...
بارچە يۇلتۇز سىرىنى بىلمەككە ئىنتىلدى يەنە،
دولىتىم تۆتتە زامانىۋىلاشماققا يۈزلەندى مانا!
بىزمۇ بەلكى چىقمىغان يەتتىنچى ئاسمان قالمىسۇن...

بۇ ئۇلۇغ شانلىق سەپەرگە ئەلنى دەۋەت ئەيلىگىن،
كىم ئەگەر ئالدىنقى سەپتە ماڭسا رەھمەت ئەيلىگىن.
كىم ئەگەر بولسا ھورۇن لەنەت ۋە نەپرەت ئەيلىگىن،
چىن ھەقىقەتنى قورال قىلماققا رىغبەت ئەيلىگىن،
بۇ قورالنى تۇتمىغان ھەم بىرمۇ ئىنسان قالمىسۇن!

www.uyghurkitap.com



ئىلمى – پەننىڭ نەۋ باھارى كەلدى نۇرنى چېچىپ،
بۇ ئۇزۇن شانلىق سەپەرگە كەڭرى يوللارنى ئېچىپ،
ئەمدى پەن – تېخنىك ھۇنەر نەگە كېتەر بىزدىن قېچىپ؟
قاچسىمۇ قوغلاپ يېتەرمىز، كەتمىگەيمىز ۋاز كېچىپ...
سەن بۇگۈن چۈمۈلمىگەن ھېچ ئىلمى ئوكيان قالمىسۇن!

بىز بۈگۈن ئورلەيلى تىز بالداقمۇ – بالداق پەللىگە!
ئىلمى ھاسىل ئەيلىمەك مۇشكۇل ئەمەس ھېچ بەندىگە،
ئىلمىدە چەك چېگرى يوق، باغلايلى ئىخلاس پەنلىگە،
شۇم خۇراپاتقا چوكۇپ ئۇچمايلى بەزەن يەللىگە...
ئەڭ ئەقەللىسى ساۋاتسىز يۇزدە توقسان قالمىسۇن!

ئۇزمىگىن ھەرگىز دىلىڭدىن ئىلمى – پەننىڭ مېھرىنى،
ئۇشبۇ مېھرىڭ ئوخشىتار جەننەتكە يۇرتنىڭ چېھرىنى،
كىم ئوقۇپ ئىشلەتسە ئۇز ئەقلى پاراسەت زېھنىنى،
شۇ بويۇك ئالىم بولۇپ ئاچقاي تەبىئەت سىرىنى،
سەن تولۇق ئۆگەنمىگەن ھېچ ئىلمى – ئىرپان قالمىسۇن!

دائىما قىلغىن ئىلىم – پەننى ئۇزۇڭگە يان قورال،
بۇ قورالسىز تاپمىغايسەن بەلكى ھېچ ئىشتا كامال!
شۇ كامالەتكە يېتىشتە ئىزلىگىن دائىم ئامال،
ئىلمى – ئىرپان دۈشمىنى تاپقاي ئەبەتكە شۇم زاۋال...
تىغ ئۇچىڭ سانجىلمىغان ھېچ نەپسى شەيتان قالمىسۇن!

قەلىمىم قىلدىم ساڭا چوڭقۇر يۇرەگىمدىن خىتاپ!
ئەكسى ئەتسۇن ھەر قېتىم تامغان سىيادىن ئاپتاپ...
ئەل ئۇچۇن – ئەۋلات ئۇچۇن كوڭلۇڭدە مىڭ سانىنى ساناپ،
قالدۇرۇپ كەتكىن ئىلىڭگە ئاز دىگەندە بىر كىتاپ!
جۇملىدىن سەن يازمىغان تارىخى رۇمان قالمىسۇن!

دات بېسىپ ياتقان ئىدى ئوتمۇشلىدە نۇرغۇن قەلەم،
شۇ قاتاردا سەنمۇ ھەم تارتقان ئىدىڭ كوپ دەرت – ئەلەم،
ئالغا باسساڭ بىر قەدەم، كەينىڭگە باسقان مىڭ قەدەم...
ئۇ زۇلۇم گىرداۋىدىن ئازات قىلىندىڭ سەنمۇ ھەم،
ئەمدى ياز، دىل ساندۇغىڭدىن ھېچ سەرەمجان قالمىسۇن!

ياز، لېكىن ماغزىنى ياز ـ يازما شاكال جەريانىنى···
تاللىغىن سەن قەھرىمانلار ئىچرە ئەڭ مەردانىنى!
كۆيلىگىن خەلقىنىڭ ھامان چوڭقۇر تىلەك ـ ئارمانىنى،
سەن قوبۇل قىلغىن داۋاملىق پارتىيە پەرمانىنى،
بەلكى ئىجرا بولمىغان چىن ئەمرى ـ پەرمان قالمىسۇن!

كۈن ۋە تۈنلەپ تەۋرىسەڭمۇ تالمىغاي ھەرگىز بىلەك،
يازغىنىڭ ئىچرە موكۇپ ھېچ قالمىسۇن بىرمۇ تىلەك،
مىۋە بەرسۇن چىن مىراد باغىڭدا ئاچىلغان چېچەك،
بىر ئوقۇپ، ئون ئوقىماسدىن قانمىسۇن بەلكى يۈرەك،
چۈشمىگەن ئىنكاسى نۇرى بىرمۇ ئىكران قالمىسۇن!

سەن ھامان يازغانلىدا ئەدلى ـ ئادالەت ـ ھەقنى ياز،
ھەق ـ ئادالەت مەنبەئى بولغان ئۇلۇغۋار خەلقنى ياز،
ئامما مەقبۇل بولغىدەك دائىم رىئاللىق نەقنى ياز،
شادلىنىپ جەننەتنى يازساڭ، يىركىنىپ دەۋزەخنى ياز···
پەرقىنى ئاجراتمىغان ۋەيلون ۋە ئەدنان قالمىسۇن!

بىزلىنى قايەۇقتۇرۇپ كەلگەن خۇراپاتلارنى ياز،
ھەممىدە مەھرۇم قويۇپ كەلگەن جاھالەتلەرنى ياز،
بىزگە كوپ بىدئەتنى سىڭدۇرگەن زالالەتلەرنى ياز،
شۇم زالالەتكە ئەسىر قىلغان ئاسارەتلەرنى ياز···
يازغىنىڭدا سەن تولۇق ياز، ئەينى جەريان قالمىسۇن!

پەسلى ئىچرە قىش ـ زىمىستان، قار ـ شىۋىرغان، مۇزمۇ بار،
قىش زىمىستاندىن كېيىن بەلكى باھار، ياز، كۈزمۇ بار؛
« يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىش لازىم!» دىگەن بىر سوزمۇ بار،
ئون قېتىم تەھرىرلىمەي يازغاندا تەنقىت كوزمۇ بار···
ئويلۇنۇپ يازغىن ھامان، يازغاندا نۇقسان قالمىسۇن!

سەن چۈشەندۈرگىن ھەقىقەتنىڭ ھامان ئوز ئەينىنى،
ئالدىنى كورمەي خوجۇننىڭ، بەلكى كورگىن كەينىنى···
سەن «ناھار» دەپ ئەيتمىغىن چاقماق چېقىلسا، لەيلىنى؛
لەيلىدە بولماي ۋاپا، مەجنۇنىۋ بەرمەس مەيلىنى···
ئەل ھەقىقەتنى چۈشەنمەي بەلكى نادان قالمىسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى www.uyghurkitap.com



پارتىيىمۇ: ئەمىلىيەتتىن ھەقنى ئىزلەپ تاپ ـ دىدى،
نا ھەقىقەتنىڭ داۋاملىق يىلتىزىنى چاپ ـ دىدى،
ھەم قۇرۇق سوزلىك ئېغىز دەرۋازىسىنى ياپ ـ دىدى،
بولمىسۇن قىلغان ئىشىڭ كەڭ ئاممىغا ناباپ ـ دىدى،
قىلمىغان ھەققە ئەمەل ھەم بىرمۇ ئورگان قالمىسۇن!

ئى، قەلەمكەشلەر بۇگۇن تىنماي بۇلاقتەك قاينىغىن،
مۇڭلىنىڭ كوچەت تىكىپ، ماغزىنى دائىم چاينىغىن!
ھەر قاچان ھەقئانىيەتتىن قىلچىلىكمۇ تايمىغىن،
كىمكى چەتنەپ كەتسە چىشلەر ئاقىبەت ئوز بارمىغىن...
ھەققە دەئۋەت قىل، يولىدىن بىرمۇ ئازغان قالمىسۇن!

كىمدە ـ كىم بولغاندا مەغرۇر، ئۇ قالۇر ئەلدىن كېيىن،
كىمكى كەمتەر بولسا بەلكى ئالغا باسقاي كۈن سايىن،
بەزىلەر پونى ئاتۇر، پو ئاتقىنىمۇ بىر تىيىن...
ئويلىسام ئولمەك ئاسان، ئولمەي تۇرۇپ خىزمەت قىيىن،
يازغىنىڭدا شۇ قىيىندىن ھىچ تىرىشچان قالمىسۇن!

ياخشىدۇر بەلكى تەكەببۇرلۇق خوشامەت ئالدىدا،
ياخشىدۇر بىرلىك ـ ئىناقلىق بارچە مىللەت ئالدىدا،
جان باقارىستلار ئىگە بوي باي ـ بىھاجەت ئالدىدا،
زىددىيەتنى توغرا تەھلىل قىل ئادالەت ئالدىدا،
يازمىغان ئوتنىڭ پىدايى ـ شامى پەرۋان قالمىسۇن!

سەن پەقەت تېز پۇكمىگىن يالغان ھەشەمەت ئالدىدا،
بەلكى تاغلار بوي ئىگور مەۋقە ـ جاسارەت ئالدىدا،
ئىشلىمەس شوھرەت ۋە يا پۇل چىن ماھارەت ئالدىدا،
تالىبىڭ راھەتكە ھامىلدار رىيازەت ئالدىدا...
يازمىغان پىشانە تەردىن ئۇنچە ـ مارجان قالمىسۇن!

راست قۇيۇچقا ئايلىنۇر قانچىكى تاۋلانسا تومۇر،
مەنمۇ شۇنداق تاۋلىنىپ سۇردۇم يىبرىم ئەسرى ئومۇر،
بىر ماقال بار كونىلاردا: « ئىش تولا، ئازدۇر كومۇر...»
سەئيى مېھنەت مەھسۇلىدىن بەلكى مىڭ مىكاك پۇتۇر!...
يازمىغان بۇ ھەقتىكى قايناق ھاياجان قالمىسۇن!

مەن ئۈمىدىن ئۈزمىگەيمەن قانچە دەرت تارتسام بىراق،
تۇزدىمايمەن گۈل كەبى، چەككەندىمۇ مىڭ ئوت - پىراق...
چۈنكى بولدى بىز بىسىپ ئۆتكەن داۋانلار چوڭ سىناق،
بىر ئۈمىت ئالسا ئورۇن، يانغاي دىلىمدە مىڭ چىراق!...
خەلق ئۈچۈن چاچقان ئۇرۇغدىن ئۈنمىگەن دان قالمىسۇن!

سەن پۈتۈن ئۆمرۈڭ بويى بولغىن ۋەتەن پەرۋانىسى،
كەڭ سىناقلاردىن ئۆتۈپ بولغىن ئېلىڭ مەردانىسى!
يالتىراپ تۇرسۇن خېتىڭدە ئىشقىڭنىڭ گۈلخانىسى،
كوزلىگەن مەقسەد - مىراتىڭ بول ھامان مەستانىسى...
نا ئۈمىتلىك دەشتىدە ھەم بىرمۇ سەرسەن قالمىسۇن!

„ گۈلمۇ خوپ - غۇنچەمۇ خوپ، ئاچىلدۇرۇپ قىسقانمۇ خوپ،
چوڭ بولۇپ دەرت تارتقىچە، كىچىك تۇرۇپ ئۆلگەنمۇ خوپ“
دەپتىكەن ئۆتمۈشتە بىر دەرتمەن ئىچى قانغا تولۇپ...
مەن لېكىن ئۇنداق دېمەيمەن باسسىمۇ دەرت تاغ بولۇپ...
دەرتكە - دەرمانلار تېپىلدى، ياز بۇ دەرمان قالمىسۇن،

بولمىغىن ئەمما بىخەستە، ئۆمرىدە چەك - چېگرا يوق،
ئىخ!... يازالمايسەن ئەجەلنىڭ مىلتىغىدىن تەگسە ئوق...
سەن ھاياتىڭدا يۈرەك قانىڭنى سەرپ ئەتسەڭ تولۇق،
جان ئۈزەر ھالەتتىمۇ بولغاي كوڭۈل - قارنىڭمۇ توق!
يۈرىگىڭ توختاپ تۇيۇقسىز، دىلدا پۇشمان قالمىسۇن!

قالسىمۇ ئۆمرۈم مېنىڭ ھەتتا بۈگۈن ئاخىرلىشىپ،
ئۈچ كىتاپ يازماققا ئىنتىلدىم تىرىشىپ - تىرمىشىپ...
كوزلىگەن غايەم بىلەن تاغدەك ئىرادەم بىرلىشىپ،
كەتتى دىل رىشتىم ئۇڭا ھەشقى پېچەكتەك چىرمىشىپ...
ياز « ۋەتەن پەرۋانىسى » كوڭلۈڭدىكى سان قالمىسۇن!

## سالام، قەشقەر

ئابدۇشۇكۇر مەمتىمىن

سالام، قەشقەر ئانا يۇرتۇم تۇغۇلغان روزىغار سەندە،
ناۋا ئىلھامى بۇلبۇلغا چىمەنلىك لالىزار سەندە.

جۇدا قىلدى پەلەك فەرنە يۇسۇپنى مىسلى ياقۇپتىن،
غېرىبىڭ چىقتى مەنزىلگە سەنەمدەك گۈلنىگار سەندە.

www.uyghurkitap.com



تۇغۇلدۇم تۈندە قوينىڭدا بولۇپ ئىڭراقلىرىم زارىڭ،
يېتىلدىم تاڭغا، چولپانغا بولۇپ چىن ئىشقىۋاز سەندە.

ساتارىڭ چەكتى دىل تارى، جاسارەت قوپتى ناغراڭدىن،
ئىلىم تەشنالىقىمغا چىقتى ئۇستاز ـ دىلفىكار سەندە.

سالامنى سەندىن ئۆگەندىم، ئىگىلدىم ئەلگە، تۇپراققا،
ۋاراقلاپ تارىخىڭ كورسەم تارالغان خۇش ئىسپار سەندە.

مۇقامىڭ كىميا گويا، كوڭۇلدىن ئاچتى بىر دۇنيا،
يەنە مەشرەپ، سەنەمنىڭ گۇلخىنى كۈن ـ تۈن يانار سەندە.

گۈزەللىك گۈلشەنى ـ كانى، ھۈنەر ـ سەنئەتتە سەن مەكتەپ،
ئوتۇپ مىڭ يىل جاھان بازارىدا داڭلىق ـ ئىپتىۋار سەندە.

يىپەك ـ شايى، چىمەن كەشتە، يەنە مىسكەر ۋە زەرگەرلىك،
نەقىش، خۇشخەت، بىناكارلىق بويىچە ئىپتىخار سەندە.

غەزەل ـ داستانغا پىركامىل، توپاڭدا نەچچە دانا ـ زات،
ئەسىرلەردىن ـ ئەسىر ئاپتورى ھەم ئۇچرىشار سەندە.

مانا قوينۇڭدا كوپ مەكتەپ، دىيارىڭ باغى ئىرپانىمىڭ،
سائادەت سىرمىرىغى پەرۋاز قىلىپ دەر: چىن باھار سەندە.

ساڭا زىننەت كىنىزىت ـ ژورنال، زاۋۇت ـ فابرىكا، ئى قەشقەر،
ئۈن ئالغۇ بۇلبۇلۇڭ سايرار، تېلېۋىزور يالتىرار سەندە.

تىياتىردىن شەرەپ قۇچتۇڭ، كىتابەت بابىدا شوھرەت،
بىھارلىقتا تىبابەت شەپقىتىدىن ھەم مادار سەندە.

ئاقار باغ شەرۋىتىڭ بالدەك مىۋەڭنىڭ ھەر نەۋى سەرخىل،
مەئىشەتتە پىرىدۇن كورمىگەن ئاۋات بازار سەندە.

ئەزىز قەشقەر، ئانا يۇرتۇم، گىيايىڭ ھەر بىرى بىر يار،
كوڭۇلنى مەڭگۇ رام قىلغان مۇھەببەت بىغۇبار سەندە.

كىتىپ ئوسمۇر چېغى سەندىن، «ئانا؟» دەپ تاپسىغا باسسام،
بالام دەپ باغرىغا تاڭغان ئانامدەك ئىنتىزار سەندە.

چېچىم ئورۇك چېچەك گويا، ئۇنىڭ ھور بەرگى بىر داستان،
ھايات قىسسەتلىرىدىمگە بىلىكە شاھىت غەمگۇزار سەندە.

سالام قەشقەر، ساڭا شەيدايى ئوغلۇڭ قەلبىدىن دائىم،
تاۋاپ قىلماقلىقىم ھەجدىن ئۇلۇغ ھەم بەختىيار سەندە؛

# شېئىرلار

مىرزاھېمىت كېرىمى

## دوستلۇرۇم

قەلبىم دەرىزىسى قاراغلىق يولغا،
ئوتكەن ھەر كىشىنىڭ سايىسى چۈشەر،
تۇگۇلمەي ئىچىلىپ تۇتۇلغان قولدا،
ئالقىنىم كۈچ سىزەر، جاسارەت سىزەر...

ھەي... قول ئۇزاتقانغا مۇش تەڭلەيدىغان،
شۇ ئەنسىز يىللارنىڭ جەۋرى - جاپاسى.
كېلەر كوز ئالدىمغا - يۈرەك يەيدىغان،
ئادەمخور ياۋۇزلار بىر چۈش مىسالى.

ئۇ دەرتلىك كوچۇرمىش مەن ئۇچۇن ئەلھال،
دوست ئۇچۇن، يار ئۇچۇن... ئەل ئۇچۇن دەمەك.
تۇيۇلار بولۇپ يات ئەسلىمە - خىيال،
تۇيۇلار ئەۋلاتقا ئەپسانە چوچەك...

مۇشۇ دەم ئىنتىزار ئىشكىم ئالدىدا،
كۇتىمەن دوستلارنى ۋاھىمە - غەمسىز.
قوللۇرۇم كوكسۇمدە دەيمەن: مەرھابا!
قالدۇرغان مەرتلەرگە يولدا گۇزەل ئىز.

قارايمەن ئالدىمغا: ھايات كارۋىنى،
مەنزىلگە ئالدىراپ ئىلگىرلەپ ماڭار.
گۇل ئىچىپ يولىدا تىلەك - ئارمىنى،
كېلەر جان دوستلۇرۇم سەپ بولۇپ قاتار.

مەن سالام بېرىمەن ئاچىمەن قۇچاق.
ئۇستازىم-ۋەتەن- ئەل غەمگۇزارىغا.
ئوتەر ئۇ - ئومۇرۋايەت بولۇپ نۇر بۇلاق،
قويۇلۇپ تىنىمسىز تال - گۇلزارىغا.

مۇشۇ دەم جىسمىمنى ئىسسىقان بۇ قول،
تۇن بويى خىيالچان باشقا بولەنچۇك.
دوسكىغا، ئاق بەتكە چېكىپ نەقىش گۇل،
بولار ياش ئەۋلاتقا شوتا يولەنچۇك.

سىقىمەن بىمارغا داۋا قولىنى ھەم،
ئولۇمنى كېسەلدىن قاچۇرغان يىراق.
ۋىسالىنىڭ شەربىتى - ياشايدۇ ئادەم!
سالامەت بەستىدىن تۇگەپ دەرت - يىراق.

كېلەر كوز ئالدىمغا بىر قولنى سىقىمسام،
غىشلاردىن پەلەككە بوي سوزغان بىنا.
چېكىدىن ئاقسا تەر شاتلىنار ئۇستام،
قىلغاچقا خەلقىمغە جېنىنى پىدا.

www.uyghurkitap.com



يەنە بىر قول باركى كۆتەرگەن بازغان،
ئايازدا مۇزلىماس، يالقۇندا كۆيمەس.
پەلەكنىڭ چاقىنى بۇ قول ياسىغان،
بۇ قولسىز زامانمۇ جانلىنىپ كۈلمەس.

يەنە بىر قولمۇ بار ئەۋرىشىم چىۋەر،
گۈزەل تەن دەرىخى ئۇ قول ئەجرىدىن.
يازۇ - قىش ھاياتقا راھەت بەخش ئېتەر،
ساقلاپ سوغ - ئىسسىقتىن، ساياق قەستىدىن.

سۈنمەن قولۇمنى ئاپتاپتا كۆيگەن،
قارامتۇل شۇ قولغا كۆتەرگەن ئوغاق.
جان بېرىپ تۇپراققا بەھرىنى كۆرگەن،
شۇ بىلەك كۈچىدىن ئەل تاپار روناق.

ئۆزگىچە بىر قول بار قوللار ئىچىدە،
يېقىملىق تۇيۇلار ھەممە قول ئۈچۈن.
كىتاب بار، قەلەم بار ئۇ قول ئىلكىدە،
ھەممە قول ئۇ قولدا مۇجەسسەم پۈتۈن.

بۇ قوللار تارتىدۇ رەسسام مېھرىنى،
شائىرنىڭ پىكرىنى قاناتلاندۇرار.
بۇ قوللار ئاچىدۇ ئالىم زېھنىنى،
ياۋنى يەر چىشلىتىپ دوستقا گۈل سۇنار.

بۇ قوللار سىلىغان غەمكىن بېشىمنى،
مۇزلىغان تىنىمنى ئىسسىتقان ئوتتەك.
شەپقەتلىك بۇ قوللار ئېتىپ يېشىمنى،
بەخش ئەتكەن شىجائەت ئىلھام، خۇش تىلەك.

دەردىمگە داۋادۇر، رەنجىمگە شىپا،
تاۋلانغان بۇ قوللار خىسلەتلىك قوللار.
مەڭگۈ يۇرت - ئىلىنى ئىزا نومۇسقا،
قويماس بۇ چارچىماس جۈرئەتلىك قوللار.

سۈنىمەن قولۇمنى بىر قولغا ئەمەس،
ئېھتىرام ۋەزنىدىن قەددىم ئېگىلەر.

ئۇيۇشقان بۇ قوللار مەزمۇت، زەپەردەس،
ھەر كۈنى ئەجرىدىن ئەلگە نەپ بېرەر.

شۇ قوللار ئىگىسى مېنىڭ دوستلۇرۇم،
مەرتلەرنىڭ سەر خىلى زاتىغا سۇلتان.
ئۇلارنىڭ بويىغا تەڭلىشەر بويۇم،
ۋاپادار قەلبىمدە ئۇلار جاي تۇتقان.

ئۇلاردا يوق تاما يوق، ھەسەت ئەسلا،
يۆلەك بىر-بىرىگە يولدا داۋامەت.
نام- شوھرەت قوغلاشماس غەيرەتكە ھەمرا،
ئۇلار بىر - بىرىنى قىلماس خىجالەت.

يول بەرمەس تەكەببۇر سوغۇق تەلەتكە،
زىننەتتۇر قەدرىگە چىدام، غۇرۇرى.
قىزىقماس ساپادا يېتىپ ئۆگۈدەشكە،
ئۇلارغا يېتىدۇ مېھنەت ھوزۇرى.

ئارتۇق زەر ئالدىدا خىيالچان باشىنىڭ،
ھېممەتلىك نەزەرنىڭ قەھرى مەن ئۈچۈن.
ئەلادۇر تارتىلغان مېنىنەتلىك ئاشتىن،
شۇ ئالتۇن قوللارنىڭ زەھرى مەن ئۈچۈن.

ئەي خەتەر، مۇشكۈللۈك ئۈستىدىن غالىپ،
بېخىلنى پۇشماندا قويغان مەرت، سېخى.
سىز ھورۇن جاھىللار ئىچىدە غايىپ،
سىز ئەلنىڭ تاغ كېسەر قېلىچى تىغى!

ئەيشى- ئىشرەتسىز ئۈچۈن ياتتۇر ئومۇر ۋايەت،
پەس ئارزۇ ھەۋەستىن خالى قەلبىڭىز...
نامەرتنى قىلىپ ھەر قەدەمدە بىر مات،
دوستلۇرۇم ئويۇمغا خوشال كەلدىڭىز.

كۈتىمەن سىلەرنى ئويۇمغا باشلاپ،
نە ئويۇم كۆڭلۈمنىڭ تۆرى- تەختىگە.
تەر تۆكۈپ ئەل ئۈچۈن،
مەشرەپمۇ ئويناپ،
شاڭ قۇچۇڭ دوستلۇرۇم ۋەتەن بەختىگە.

## سەن يۈكسەككە ئىنتىلىپ ياشا

دوستۇم ھاڭدۇر كەينىڭ سېنىڭ، ئالدىڭ تىك چوققا،
ماڭماق قىيىن، يانماق ئاندىن، بېشىڭ قاتقان تاش.
ئىككىلىنىپ تۇرغاچ ئۆزۈڭ دادىل چامداشقا،
ئاچار تىترەك لەۋلىرىڭنى ئاجىز بىر ئىڭراش...

قارا يۇيۇپ يۈز كوزۈڭنى بۇلاق سۇيىدە،
بالقىپ قۇياش نۇر چاچماقتا چوققا ئۈستىدە.
يورۇقلۇقنى سۆيگەن غالىپ ۋەتەنداشلىرىڭ،
ئورلىمەكتە ئىز قالدۇرۇپ قىيا كوكسىدە.

لېكىن شۇ دەم قۇلىقىڭغا كىرەر بۇ نالەڭ:
تاپان يورۇق قولۇم سۇنۇق تەندە يوق مادار...
چىداپ زۇلمەت ئازاۋىغا تەھتىدە ھاڭنىڭ،
سەن ئىدىڭغۇ كۈن نۇرىغا بولغان ئىنتىزار.

نەشتىرىنى ئۇرۇپ تۇرسا ئىلان - چايانلار،
ئۆزۈڭ بولۇپ ساڭا ئۈمىت بەخش ئەتكەن كىتاپ.
پىچاق بىسىلىق قورام تاشقا يامىشىپ ئورلەپ،
چىققان ئىدىڭ تاغ باغرىغا چاڭقاپ ھالسىراپ.

ئەمدى ساڭا نىمە يەتمەس دوستۇم بۇ زامان،
يەي دىسەڭ ئاش دولقۇنلىنار قاپلاپ دالىنى.
ئىشلەي دىسەڭ مەرمۇ -مەيدان ئۇچۇن كەڭ ئىمكان،
يولەك دىسەڭ مەرتلەر ساڭا ئاچقان باغرىنى.

بۇ ۋەتەنگە كىندىك قېنى توكۇلگەن ئەرنىڭ،
قايتقىنى يوق مۇشەققەتتىن قورقۇپ ئارقىغا.
بار، دىسەڭ ئۇ كۆشەندىسى شانلىق زەپەرنىڭ،
تۈزكور بولۇپ قالغاي ئەلنىڭ ئاياق ئاستىدا...

دوستۇم ئويلان بۇ قىسمەتكە رىزا بولمىساڭ،
قوپۇپ ئىلدام يۈرەلمەسەڭ ئومىلە ئاستا.
يولۋاس شىردىن غالىپ ھامان ئىنسان ئىدرىكى!
ئىدرىكىڭگە تايان دوستۇم ئۈگەن، ئاپانما،

ئۇمىتسىزلىك سېنى يايلاق مېيىپ كورسۇتۇپ،
شۇئان قەدەم باستۇرمىغان توساق چۇشەنگىن.
سەن ئىنتىلمەي ئالدىڭدىكى ئارامگاھ باققا،
كەينىڭدىكى ھاڭنى ئۇنتۇپ يانساڭ، تۇگەشتىڭ...

غالىپلارنىڭ دەۋرانى بۇ، نامەرتكە باقماس،
بېشىڭنى تىك كوتەر دوستۇم ياماش چوققىغا.
يولە دىسەڭ يولەي سېنى كوكرىگىم بىلەن.
جان چىققىچە سەن يۇكسەككە تەلپۇنۇپ ياشا!

## ئەرنىڭ تىلىگى

(ساتىرا)

شۇ كوچىدا بار ئامەتلىك بىر جۇۋان،
ئىرىدىنمۇ ھورمىتى چوڭ ئۇلپەتلىك.
تۇمشۇقلۇقا چوقۇتمىغان ئوزىنى،
مۇئامىلە سوز ــ ھەركىتى سۇلكەتلىك.

بىر ئاخشىمى يانتۇ يېتىپ ساپادا،
ئويغا چومگەن ئېرىغا كوز تاشلىدى:
"ئېيتىڭچۇ ھەي مەن بولىسام ناۋادا،
بولامتىڭىز ئىدارىنىڭ باشلىغى؟"

"بەللى... دىدى ئېرى تۇرۇپ ئورنىدىن،ــ
باشلىق بولماق قىيىن ئىكەن جاھاندا.
سېنى دەپلا ئىشلىگەندەك ئاقىۋەت،
يەرگە قاراپ قالدىم خوتۇن پەقاندا..."

"غەم يېمەڭىز،ــ دىدى ئايال ئىزىقاپ،ــ
مەن ئەمەسمۇ مېھمان كۇتكەن سىزنى دەپ؟
كاتتىلارغا سوغات تۇتۇپ، چاي بېرىپ،
كوتەردىمۇ ئورنىڭىزنى ھەسسىلەپ..."

"بىراق خوتۇن، ــدىدى ئېرى تاتىرىپ،
بىر تىلىگىم ئاشماي قالدى ئەمەلگە.
ئەگەر باشلىق بولغان بولسام ساڭمۇ،
ئايلانمايتتي يەگەن ئېشىم زەھەرگە..."

# شېئىرلار

ئابدىرېھىم ئىسمايىل

## ياخشىلىق ھەققىدە مۇخەممەس

خۇددى ئۇچمەس خاسىيەتلىك نۇرى ئاپتاپ ياخشىلىق ،
بابىدا ئەخلاق ـ خۇلقىنىڭ دۇررى ناياپ ① ياخشىلىق .
پاكۇ، ئۈزلۈق ئالەمدە ئەڭ گۈزەل، ساپ ـ ياخشىلىق ،
دىلدىكى كىرنى يۇيۇپ ، پاكلايدىغان ئاب ياخشىلىق ،
قىلغىلى زىننەت ئۇمۇر، دۇنياغا ئەڭ باپ ياخشىلىق .

ياخشىلىق ـ ھەر بىر كىشىنىڭ بولغۇلۇق بىر خىسلىتى ،
تۇتسا دوست كىمكى ئۇنى ئۇسكەي جاھاندا ھورمىتى .
ياخشىلىقسىز زادىلا بولماس ياشاشنىڭ قىممىتى ،
ياخشى ئادەم ئۇلسىمۇ بولمىشكى ئەھلى جەننىتى ،
ھەر كىشىنىڭ قەدرىنى ئۇلچەر باھالاپ ياخشىلىق .

ياخشىلىقنى بىلمىگەنلەر زادى چىن ئىنسان ئەمەس ،
بولساڭ ئىنسان ياخشىلارغا بول ۋاپادار ھەمنەپەس .
قاچ يامانلىن، كۇتمە شەپقەت، بەرمە دىل باغلاپ ھەۋەس،
ھىچكىشى ساقلاپ چاياندىن بال ئىلىشنى كوزلىمەس،
قىل ھامان ئىنسان بىلەن ئىبىلىسنى بايقاپ ياخشىلىق.

بۇ جاھان ئىچرە ياشاشنىڭ نوۋىتى ھەر كىمگە بىر،
بۇ غەنىمەت پەيتنى ئوتكەز مەنىلىك باشتىن ـ ئاخىر،
مۇلكى ـ مالىڭغا ئىشەنمە، قىلما مەن باي دەپ پەخىر،
ياخشىلىق يىققان كىشى ئولمەس، ياشار مىڭلاپ ئەسىر،
سەنمۇ ھەم ئولمەي دىسەڭ ئومرۇڭگە كوپ تاپ ياخشىلىق.

ئوتتى نۇرغۇن ياخشىلار تارىختا بىزدىن ئىلگىرى،
قانچىلاپ ئالىم فارابى، قانچە مەخمۇت قەشقىرى،
ئاقتى ئىنسانلار سائادەت ـ بەختىنى دەپ قان ـ تىرى،

① دۇررى ناياپ ـ بىباھا گوھەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
Altunoq



يازدى قامۇس، قىلدى كەشپىلەر، شۇنچە مول توھپىلىرى،
نامىنى قالدى ئۇلارنىڭ مەڭگۈ ساقلاپ ياخشىلىق.

ياخشىلىق يولىدا كەچتى قانچە مەرتلەر جانىدىن،
قورقمىدى ياۋنىڭ قىلىچ، ئوق چارىسى، زىندانىدىن،
ئاخىرى ئاتقۇزدى بۇ ھورتاڭنى ساپ ۋىژدانىدىن،
كىم سۇيۇنمەيدۇ ئۆزىنىڭ بۇ كەبى ئەجدادىدىن،
سەنمۇ قىل دائىم ئۇلار روھىنى يادلاپ ياخشىلىق.

سەنمۇ ھەم ئابدۇرېھىم سۆي ياخشىلىقنى ياخشى بىل،
ياخشىلىق گۈلزارىدا قىلغىل ئۆزەڭنى مىسلى گۈل،
ياخشىلارنىڭ دەۋرى- دەۋرىڭ، ياخشىلىققا كەڭرى يول،
ياخشىلىق بىرلە راۋاج تاپسۇن ۋەتەن ئالەمشۇمۇل،
قىل ۋەتەن ئوغلانىلىق بۇرچۇڭنى ئاقلاپ ياخشىلىق.

## قىلالىدىڭىز

( 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سۈرىتىگە قاراپ )

كورسۇتۇپ خۇشخۇي سىما قەلبىڭنى گۈلخان قىلدىڭىز،
ھورمىتىم چەكسىزلىگىنى خۇددى ئاسمان قىلدىڭىز.

ئوتتى ئالدىمىدىن پەقەت ئوچمەيدىغان مول توھپىڭىز ،
تەسىرات ، ئىلھاملىرىمنى خۇددى پونتان قىلدىڭىز .

سىز بىلەن ھەردەم پەخىر ئەيلەيدۇ باتۇر خەلقىمىز،
چۈنكى سىز ئەلنىڭ شەرەپ ـ شانىنى نامايان قىلدىڭىز.

ئولكىمىز زۇلمەت ئىچىدە چەكتى كۈلپەت كوپ زامان.
سىز چىدالماستىن بۇڭا، ھور تاڭنى ئارمان قىلدىڭىز.

بولدىڭىز ھەر چەندە خەلق بىرلە نەپەسداش، قايغۇداش،
قىلچە ئايرىلماي، ئۇلارنى دوستۇ ـ يارەن قىلدىڭىز.

تۇردى ئامما سىز تەرەپتە، بولدىڭىز تاغدەك ھىمات،
ھەق ـ ئادالەتنى جەڭى ئىشلاردا مىزان قىلدىڭىز.

قۇردىڭىز كۈچ ھەيۋىتى زور جەڭگىۋار مىللى قوشۇن،
ئوستۇرۇپ تاۋلاپ ئۇلارنى شىرى غۇرران قىلدىڭىز.

سالدىڭىز جەڭلەرگە ئات ئەجدات ئۇمىدىن ياد ئېتىپ،
قۇم كەبى كوپ يالماۋۇز دۈشمەننى گۇمران قىلدىڭىز.

ئۈچ ۋىلايەت ئاسمىنىدىن تارقىدى مۇدھىش بۇلۇت،
خەلققە ئەركىنلىك، ھوقۇق ھۆرلۈكنى ئېھسان قىلدىڭىز.

ۋەسلىگە يەتتى ئۇلۇغ ئارزۇيىڭىز ئاخىر تولۇق،
كۆلدى تاغ، توي ئوينىدۇق ھەم سىزمۇ خەندان قىلدىڭىز.

ئۇنتۇمايمىز تا ئەبەتكە سىزنى دىلدىن ياد ئېتىپ،
ئۆلگىنىڭىزدىن بۇ سەپەردە بىزنى پەلۋان قىلدىڭىز.

## سىنىڭدەك بىۋاپا بولسا...

(غەزەل)

كورۇپ ھۆسنۈڭنى دەسلاپ، تاپمىدىم بىر ئاشىنا سەندەك،
چىراي بازارىدا قالتىس كېلىشكەن دىلرابا سەندەك.

يوقاتتىم ئەقلى-ھۇشۇمنى بولۇپ بىر مۇپتىلايىڭمەن،
مېنى نى - نى گۈزەللەر ئەتمىگەنتى مەھلىيا سەندەك.

مىسالى ئوتتىكى قىلدەك كويۇپ ئىشقىڭدا تولغاندىم،
كوڭۇل بەرگەن كىشىگە ھىچ نىگار قىلماس جاپا سەندەك.

تىلەپ شەپقەت مۇرەۋۋەتلەر بولۇپ كەلدىم پىداكارىڭ،
جاھاندا كورمىيىن ھىچ نەرسىنى مەن ئەتىۋا سەندەك.

سۇ پۇردۇم سۇ سېپىپ كوزدە يولۇڭنى كىرپىگىم بىلەن،
ھۇسۇن ئېقلىمىدا ئۇچراتمىغاچ بىر پادىشا سەندەك.

ساڭا قەلبى غەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچىنى بەردىم ئىشەنگەندىن،
چۈشەنمەس دەپ ئۇنىڭ قەدرىنى ھىچكىم بىباھا سەندەك.

خىيالىم ھوجرىسىدا كۈنۈ - تۈن بولدۇڭ ماڭا ھەمرا،
تېپىلماس دەپ پەرەز قىلدىم ھەقىقى جان پىدا سەندەك.

كورۈپ قالدىم سېنى خىلۋەتتە بىر يىگانە-لەيىن كۈن،
تۇرۇپسەن سوزلۇشۇپ، (بولماس ئايالار بىھايا سەندەك)،

غەزەپ قاپلاپ ۋۇجۇدۇمنى سېنىڭدىن شۇنچە يىركەندىم،
ئوقۇپ لەنەت دىدىم بەندە ياراتمىسۇن خۇدا سەندەك.

چۇشەندىم ئۇشبۇ ھالدىن ھور ساياق ئالۋاستىلىق ئەسلىڭ،
قېلىن بولسا كىشى تارتمايدىكەن قىلچە ئىزا سەندەك.

پۇشايمان ئەيلىدىم يۈزمىڭ، كويۇپ قىلغان ئەقىدەمگە،
مۇھەببەت كوچىسىدا قىلمىغان ھېچ قىز گونا سەندەك.

قارار قىلدىم چىراينى سۈيگۇ تالالاش شەرتى قىلماسقا،
پەرى كورسەممۇ سۈيمەسمەن كى بولسا بىۋاپا سەندەك.

## ھەسەتخور پاقا

(مەسەل)

١

باھار پەسلى، گۈلۈستاندا ئېچىلدى رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر،
شۇ گۈللەر چېھرىسىدە جىلۋە ئەيلەپ چاقنىدى نۇرلەر.
بۇ ھالەتنى كورۇپ بۇلبۇل يۈرەك ئىشقىن لاۋا قىلدى،
قونۇپ گۈل شاخىغا سايراپ، يېقىملىق خۇشناۋا قىلدى.
ھەسەت قىلدى بۇ سايراشنى ئىشتكەن بىر پاقا باغدا،
كويۈپ قارنى، كورەلمەكتە دىدى سايراپ ئەلەم - داغدا:
"ئارام گاھىم ئىدى بۇ باغ، ياشايتتىم كەڭرى - ئازادە،
قاچان كەلدى باھار، تاپتى بۇ يەرنى بۇ ھارامزادە.
كوزىگە قىلچە ئىلماستىن، ماڭا ھېچ يولمۇ قويمايدۇ،
بۇزۇپ تىنچىمنى تاڭدىن كەچكىچە سايراپ چۇۋۇلدايدۇ.
قۇلاققا ياقىمچۇ كاشكى ئۇنى بۇ نەرسىنىڭ سەل - پەل،
كورەركەن ھەي تاڭەي ئىنسان ئۇنىڭكى نەرىنى ئەۋزەل؟(!)
سۇرۇشتۇرسە تالانتىمنى، تالانتىم ھەممىدىن ئارتۇق،
بېتەلەمەس ناخشا ئېيتىشتا ماڭا ئالەمدە ھېچ مەخلۇق.
ئاۋازىمنى قويۇپ بەرسەم زېمىن-ئاسمان جاراڭلايدۇ،

يېقىملىق ئاڭلىنىپ بەكمۇ كوڭۇلگە زوق بېغىشلايدۇ.
نىمە بۇلبۇل دىگەن نەرسە مېنىڭ ئالدىمدا سايراشتا(!)
بىرەلمەس ئۇ ، قولۇمغا سۇ قۇيۇپ ھەتتاكى بۇ ئىشتا.
ئۇنىڭ جەلپكارلىغى نايەت گۇل ئۇزرە قونغىنىدىندۇر،
مېنىڭدەك كول ئەمەس ، گۇللۇكنى ئاشىيان قىلغىنىدىندۇر.
بىرىپ گۇلزارغا مەنمۇ گۇل تۇۋىنى جاي ـ ماكان ئەيلەي،
قويۇپ ھەيرەتتە بۇلبۇلنى تالانتىمنى ئايان ئەيلەي.
پاقا باغ ئىچرە گۇلشەنگە ھېرىس بىرلە يېتىپ كەلدى،
بىرىپ بىر گۇل تۇۋىگە ، كۇكۇراپ كوپ بولدى خۇرسەندى.
پاقا ئەۋازىنى ئاڭلاپ پەلەكتە ئەگمەگەن ئاچ سا،
چۇشۇپ گۇلشەنگە ، ئەپقاچتى ئۇنى بىردىنلا قارماپلا.

ھەسەتخورلۇق ـ كورەلمەسلىك ، دىمەك ھەر جانغا يات ئىللەت،
ھەسەتخور بولمىغىن زىنھار ، يېتىشتۇرگىن گۇزەل خىسلەت.

## شېئىرلار

ئوسمانجان ساۋۇت

### نان

نېمەتلەر سېپىنىڭ سەركەردىسى نان،
سەن بىلەن كۇلىدۇ، كۇللى يەر ـ جاھان.

ئوخشايسەن چىرايلىق ئالتۇن تاڭلارغا،
ۋە دىللار ئۇيۇقىدا يۇرتىمسەن تاڭ.
سەن پاكلىق، ئەمىنلىك، ھالاللىق رەمزى،
سەن ھايات كۇيىگە بىرىسەن ئاھاڭ.

نېمەتلەر سېپىنىڭ سەركەردىسى نان،
سەن جانان يۇزىدە تەبەسسۇم ۋە ناز.
سەن بىلەن كۇلىدۇ سەبىلەر خەندان،
تەپەككۇر سۇمرۇغى قىلىدۇ پەرۋاز.

پەرزەنتكە قەلبىنى قىلىدۇ ئىزھار،
سەن بىلەن ئانا ۋە تاغ سۇپەت پەدەر.
سالىدۇ خورجۇنغا سىنى ھەمرادەپ،
ئۇلارنىڭ پەرزەنتى قىلغاندا سەپەر.

سېنىڭسىز تەسەۋۋۇر قىلاي ئالەمنى،
دەقىقە ، بىرلەھزە ياق مۇمكىن ئەمەس.
ئاي كەبى نۇرلۇقسەن، كۇن كەبى قىزىل،
بەختكە رەڭ بەرگەن
بۇيۇك زەپەر دەس.

www.uyghurkitap.com



داستىخان ئۈستىگە قويۇلغاندا سەن،
قاناتلىق خىياللار قىلىدۇ جەۋلان.
يارىتىش شاتلىقى چۇلغايدۇ مېنى،
(بۇھىستىن ئايرىما، يا قادىر مەۋلان!)

كېلىدۇ ئالدىمغا خىزىر دەك شۇندا،
ئېتىزلار تەگرىسى باھادىر ئاتا.
دەگلەنمەس شاراپەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدى،
هالاللىق بابىدا بىلمەيدۇ خاتا!

نان كەبى ئۇلۇغسەن، ناندەك ئاددىسەن،
"ياشىسۇن" شاھقا ئەمەس، راۋادۇر ساڭا!
سۆيگۈمنىڭ جەۋھىرى، سويگۇ سەن هامان،
ئەبىدى گۈزەللىك مەنادۇر ساڭا.

ئەي ئاتا! جانىجان موتىۋەر ئادەم،
سەندە بار قاداق قول، ئىجاتكار بىلەك.
ئۇشبۇ نان ۋەسلىدە ئۇرۇپ تۇرىدۇ،
شۇ سېنىڭ يۈرىگىڭ ـ يالقۇنلۇق يۈرەك.

ئەي ئاتا جانىجان موتىۋەر ئادەم،
شان ـ شەرەپ
گۈزەللىك ساڭا تەن قەتئى.
بىز ساڭا قەرزدار،
ئۇلۇغلىقىڭنى
سىغدۇرۇپ كېتەلمەس ئالەملەر سەتھى!

×

نېمەتلەر سېپىنىڭ سەركەردىسى نان،
سەن بىلەن كۈلىدۇ كۈلى يەر جاھان.

## شامال ۋە يالقۇن

شامال دەيدۇ ئەركىمەن، شاھمەن،
بىقىياستۇر قۇدرەت ـ دەرمانىم.
جاھان ئارا ئەركىن سەيياھمەن،
مۇقەددەستۇر ئەمىر ـ پەرمانىم.

مەيلى ئورمان، مەيلى چاھار باغ،
مەيلى دەريا، دېڭىز ۋە ئوكيان.
مەيلى دالا، مەيلى يۈكسەك تاغ،
ئاشكارە ھەم يوشۇرۇن پىنھان.

مەيلى داۋان، مەيلى ئىدىرلار،
مەيلى ياۋان، مەيلى تىرەن ساي.
مەيلى ئېتىز؛ قىياقلىق قىرلار،
مەيلى سۇغا چۆمگەن ئالتۇن ئاي.

مەيلى شەھەر، مەيلى ئىمارەت،
چارىپايلار، مەيلى ئادەمزات.

باقار ماڭا سورار ئىجازەت،
چەككۈزىمەن خالىسام پەريات.

يالقۇن دەيدۇ:
ئەمەسمەن سۇلتان،
مەيلىلەرگە سالمايمەن زەنجىر.
تەلۋىگە ئەل بىلىنۇر ئولتان،
ئۇندىن يىغار چىللىدە ئەنجىر.

ۋاپا، ۋىسال شادىمان ئەسنا،
قاناتلىنىپ ئالغاندا ئەۋج.
شەپەق، شاراپ توختىماي ئەسلا،
قەدەھلەردە ئۇرغاندا مەۋج.

چىن ھاياتنىڭ ئۇدۇم، قۇدرىتى،
تاپقىنىدا دىلدا سەرەمجان.
پىداكارلىق، مەرتلىك جاسارەت،
قاراقلارغا ياققاندا گۈلخان.

AltunOq

مەن بالقىيدىغان شۇ ئان يۈزلەردە ،
نۇر ياراتقان ئىرادىدە ھەم.
بەرق ئۇرىدىغان ئىپسىل سوزلەردە،
قارار تاپار مەن بىلەن قەسەم.

مۇھەببەتنىڭ ھارارىتى مەن،
گۈزەللىكتە توكۇمەن زىيا.
رىيازەتكە كۈشەندە ، دۇشمەن،
ئىز گۈلۈككە جان،
روھ ۋە جىلا.

خارابىگە مەستانە ھۇقۇش،
ئىرىكلىككە قەس قىلار چايان.
كىم ئاسايىش، كىم مالىمان سوقۇش،
ئەمالىدىن ئەلگە پۇر ، ئايان.

× × ×

شامال ، يالقۇن سوھبىتى دىلغا ،
قويىدى ھىكمەت ، ھىساپسىز مەنا!
شامالسىزغۇ ياشايمىز راھەت،
ياشالمايمىز يالقۇنسىز ئەمما!

## دادام قويغان سوئاللار

دادام دىدى : شائىر بولۇپسەن،
ئۇچقۇر قەلەم ئىلھامى قايناق.
شېئىرىڭدىن بىرىسەن بىزگە،
گاھى كوك سۈت گاھى ئاق قايماق.

كوپ يازىسەن ۋەتەن ھەققىدە،
مۇقامىلىرىڭ بوش ئەمەس ياڭراق.
يىللاپ دەيسەن پەرۋانىسەن دەپ،
(ئىدى قاپچى، قەسەمگە ئامراق)

ئەل ھەققىدە ئالتۇندۇر تەرىپ،
گۈنا دەيسەن ئۇنىڭدىن تايماق.
يۇرۇگۇڭنىڭ قېتىدا ئىمىش،
ئولكە، دىيار، ئۇرۇق ۋە ئايماق.

خەيىر، بوپتۇ، بەردەم بولغايسەن،
ئاسان ئەمەس بۇ يولدا ماڭماق.
ئاسان ئەرنىڭ ئىشى ئەمەستۇر،
ۋەتىنىنى باغرىغا تاڭماق.

تاغ دەپ ئېيتماق بەدەلسىز ھامان،
تاش يونىماق بەدەللىك بىراق .

قۇياش دىمەك مىڭ قېتىم ئاسان،
مىڭ ئېيتقانغا يانماس بىر چىراق!

جىگەر سوقتا سەندەك ۋە تەنچى،
جاھاندا كوپ يەتمەيدۇ ساناق.
ئۇلارمۇ ھەم دەيدۇ سەن كەبى:
زەپىراندۇر ۋەتەنىمىز ياناق!»

ئىشەنمەيمەن ھەيۋەت سوزلەرگە،
قەسەم دىلغا سالالماس قاماق.
چىنلىق خاستۇر رۇشەن كوزلەرگە،
كىمىڭ كورمەي تارتمايسەن ساداق.

مەن دەيمەنكى سوزۈڭ راست بولۇپ،
ۋەتەن بولسا ساڭا كوز قاراق.
مۇھەببىتىڭ پەۋەس لىق تولۇپ،
ئۇنىڭ ئۇچۇن كوتەرسەڭ ياراق.

شۇ ئانىنىڭ شورلۇق پەرزەنتى،
رەنجۇ - ئەلەم چەككەن بىر ساياق!
رۇجىگىڭنى چەكسە كىچىسى،
قوللىرىغا تايىنىپ تاياق!

www.uyghurkitap.com



ياپاراغەت بەزمە پەيتىدە،
بىسىپ قالسا ئويۇڭگە ئاياق.
ياكى سەپەر مەنزىل ئۈستىدە،
سەن ئاتلىغۇ،ئۇ قالسا ياياق!

شۇندا ، شۇندا يانارمۇ مېھرىڭ؟
سۇنۇلغان قول تاپارمۇ تۇراق ؟
شوخ كۆلكەڭنى ساقلارمۇ مېھرىڭ،
سۇر چاچقاندا چاپىنى قۇراق؟

قاندۇرۇلۇپ شۇندا تىلەكلەر،
كورۇنەرمۇ كوز ـ كوزگە ئوماق؟

قىناق بىلەن قىناق چىشلىشىپ ،
ئوي ئارقىغا كىلەرمۇ قوناق ؟ (1)

بىرەلەمسەن ئاڭا ھارارەت،
مەرتلىكىڭچەن تاپارمۇ روناق؟
كورەلەرمۇ سەندە جاسارەت،
نەپسانىيەت كوتەرگەن چوماق؟

سۇئاللارنىڭ ئاستىدا قالدىم،
ئەتتى سۇئال بىشىمنى ئوچاق!
سۇئاللاردىن بىر ھىكمەت ئالدىم،
يايدى ماڭا ھايات نۇر قۇچاق!

## ئارمان

ئۇپۇقنىڭ لىۋىگە قونغاندا زەر تاڭ،
زەر تاڭنىڭ ۋەسلىگە قىتىش چىگىلدىم.
مېھرىۋان ئانامدەك باققاندا قوياش،
ھورمىتىم بالقىدى، ئاڭا ئىگىلدىم.

ئىگىلدىم مەن ساڭا ئاھ! ئانا قوياش،
دىلىمدا بىر شىرىن ئارمان ، ئىلتىجا.
گۈلخۇمار بۇلبۇلدەك توكۇمەن ناۋا ،
ئىشتىكىل ئەرزىمنى ۋە كەلتۇر بىجا!

بەر ماڭا ئالتۇندەك نۇرلىرىڭنى سەن،
قاراڭغۇ دىللارغا ئاپىرىپ قۇياي!
ۋەسۋەسلىك ئالەمدىن يوققان ئوندىكى
قاپقارا قۇرۇمساق داغلارنى يۇياي!

بەر ماڭا ئالتۇندەك نۇرلىرىڭنى سەن،
چىراقسىز كوزلەردە چىراق ياندۇراي.

نۇرتەلەپ، گىرىسەن بۇلۇڭ ـ پۇشقاقنى،
كۆلدۈرۈپ سەبىدەك،
نۇرغا قاندۇراي!

بەر ماڭا ئالتۇندەك نۇرلىرىڭنى سەن!
ھاياتنىڭ تەڭرىسى ئاھ ئانا قوياش!
باش قويدۇم ھەققىڭگە يولۇمنى بۇزۇپ،
پىشانەم يېرىلدى،
ئۇپراپ كەتتى تاش!

بەر ماڭا ئالتۇندەك نۇرلىرىڭنى سەن،
گۈلنىمۇ ، كۆلنىمۇ نۇرغا سويدۇرەي!
نۇر ـ ئادەم
ئادەم ـ نۇر بولسۇن ئالەمدە.
رەشك ۋە رەزىلنى نۇردا كويدۇرەي،

(1) «قىناق ـ قىناققا كەلمىدى ئويىنىڭ ئارقى قوناققا»، دىگەن تەمسىل، شائىرنىڭ يىشار بەرمىدى، دىگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ.

# دىياردىم - پەخرىم

هوىدىن سايىت

مەزرەئى لوتفى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشىغەر،
........................................
ئەھاجەت ھەججى ئەكبەر، كاشغەر ئىچرە مازارىم بار
............................................

— گۇمنام

قىزىقمايمەن تاۋابى مەككىگە ، ئالتۇن دىيارىم بار،
كوزۇمگە نۇر بەخىش سۇرمە، شىپالىق تۇتىيارىم بار.

كىلەر بۇرنۇمغا ئەجداتلار ھىدى يۇرتۇم توزاڭىدىن،
قىلىپ كۇندە تاۋاپ نەچچە پۇراپ قانماس خۇمارىم بار.

تامايىم يوق ئۇلۇككە جان بىرەر جەننەت مۇۋىسىدىن،
يىسەم ئاش ، سايىۋەن باشقا، ئۇچامغا تون كىيارىم بار.

قىلار كورسە ئىچىتارلىق ھوزۇر - پەيزىمگە ھور - پەرى،
بىھىش ھوسنىگە ئەنداز بولغىدەك باغ - لالىزارىم بار.

ئەسىرلەردىن جاھان ئەھلىنى مەپتۇن - مەھلىيا قىلغان،
بىشىم ، قەددىمگە تاغ بولغان غۇرۇرۇم - ئىپتىخارىم بار.

شەرقىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىرى ئىچىرە گويا چولپان،
بوۋام مەۋلانە مەھمۇت ھەم يۇسۇپ قەبرى - مازارىم بار.

بوۋىلارنىڭ گۇل قولىدىن يادىگار ، شاھىت،
بىزەكلىك باغرىدا ئەرشىنى تىرەپ تۇرغان مۇنارىم بار.

ئۇسۇل ، كۇي يۇرتى - كانى دەپ جاھاندا نامى مەشھۇردۇر،
قىبدىرخان ھەم نەپىس چالغان قالۇن ، تەمبۇر ، ساتارىم بار.

ساتار ، تەمبۇر بىلەن قوشىاق ، ساداسى سەزگۇگە زەخمەك،
ئانىامنىڭ كوڭلىدەك سىپ - پاك ناۋاسى مۇڭ دۇتارىم بار.

شۇ تۇپراق قوينىدا تۇغۇلغىنىم بەختىم ، شەرەپ ، پەخرىم،
ئۈزۈلمەس رىشتىمدىن چەككەن قارا باسماس تۇمارىم بار.

تۇمارىمكى ، ئۇلۇغ جۇڭگو ـ ۋەتەن ۋەسلىگە شەيدالىق،
ۋەتەننىڭ ئىشقىدا شەيدا بولۇپ ئۆتمەك قارارىم بار.

ياشايمەن هور ۋەتەننىڭ گۈل قۇچاغىدا ئۇرۇپ خەندان،
غېمىم يوق گۈلشىنىمدىن هېچ ، خازان بولماس باهارىم بار.

بۇ كۈنۈم شۇ قەدەر پارلاق ، تېخىمۇ جىلۋىگەر ئەتەم،
قۇياش شاهىت ـ گۇۋادۇركى ، قۇياشتەك غەمگۈزارىم بار.

# شېئىرلار

ئابدۇللا ياقۇپ

## گۈزەللىك ئۈچۈن

گۈزەللىكتىن تۇغۇلار شېئىرىم،
گۈزەللىككە چېتىلغان مېهرىم.
گۈزەللىكتىن ئالىمەن ئىلهام،
خوش كۆلكىگە چۆمۈلۈپ چېهرىم.

گۈزەللىكسىز خاراپتۇر دۇنيا،
گۈزەللىكسىز تەن بولار جانسىز.
گۈزەللىكسىز نە تۇرمۇشتا تەم،
گۈزەللىكسىز چىرايلار قانسىز.

گۈزەللىكسىز كۆلكىمۇ ماتەم،
كوكۇل بېغى ئايلىنار چولگە.
گۈزەللىكتىن سۆيۈنەر ئادەم،
چۆمەر هايات قۇچىغى گۈلگە.

شەرىپىمدۇر گۈزەللىك ئۈچۈن،
ئەجىر قىلىپ گۈل تەرسەم دوستلار.
يۈرۈگۈمدە قالغايمۇ ئارمان،
گۈزەللىك دەپ جان بەرسەم دوستلار؟

## لاچىن

قىزىرغاندا ئوتقاشتەك شەپەق،
ئېگىز كوكتە بولسەن پەيدا.

كۆلۈپ تۇرغان گۈزەل تاڭ ۋەسلى،
سېنى شۇنچە قىلىدۇ شەيدا،

كۆك قەھرىگە ئۇرلىسەك شۇڭغۇپ،
زەر بۇلۇتلار قالىدۇ پەستە.
قوياش نۇرى چاقناپ ـ يالىلداپ،
پەيلىرىمگە چىكىدۇ كەشتە.

كۆكتە پەرۋاز ئەيلىسەك مەغرۇر،
ساڭا ئالقىش ياڭرىتار تاغلار.
دەريالارمۇ سالىدۇ شاۋقۇن،
كۆي توقۇيدۇ شەنىڭگە باغلار.

قانىتىڭنى تاۋلىغاچ ئاسمان،
قۇچاغلايدۇ جاسارەت سېنى.
قەيسەرلىگىڭ نىقەدەر بۈيۈك،
ئۇ، قۇۋۋەتكە چۇمدۇرەر مېنى.

خىسلىتىڭدىن سۆيۈنۈپ شۇدەم،
دىلدا ھىسسىم ئۇلغۇيار سەلدەك.
دەيمەن شۇڭا نەۋقىران لاچىن،
كۆكتە پەرۋاز ئەيلىسەم سەندەك.

## قېرىسامۇ

يازار ئىدىم قەغەزگە شېئىر،
يانار ئىدى چىراق يېنىمدا.
ئىجات ئۇچۇن يېڭى بىر پىكىر،
كېزەر ئىدى مېنىڭ دىلىمدا.

قارىغاندەك قىلاتتى ماڭا،
يېنىمدىكى چىراق جىمىرلاپ.
تۇساتتىنلا قويدى ئۇ سوئال،
قۇلىغىمغا ئاستا پىچىرلاپ.

« تۈنلەر بويى بولىمەن ھەمرا،
شېئىر يازساڭ ساڭا بۇ ئويدە.
ئادەت بولۇپ قالدىمۇ ساڭا؟
يازماق ئۇنى كېچىدە ـ تۈندە.

كۈندۈز ئىشلەپ ئۆتەر ئالدىراش،
قالمىدىڭمۇ چارچاپ ۋە ھېرىپ؟
يازساڭ شېئىر تۈندە ئۇخلىماي،
رىيازەتتىن كەتمەمسەن قېرىپ؟ »

دېدىم ئاڭا: بەردى ئەل ئىلھام،
يۈرۈگۈمنى مەيگە قاندۇرۇپ.
قىلدى كۈيچى ئەل مۇھەببىتى،
ۋۇجۇدۇمدا ئاتەش ياندۇرۇپ.

خۇشالمەنكى شۇڭا ئەلنى دەپ،
چەكسەم جاپا چېچىم ئاقىرىپ.
قېرىسامۇ ئىجادىم گۈلدەك،
ئەل قەلبىدە تۇرار ياشىرىپ.

## سايە

تۇرسا ئادەم قەددىنى رۇسلاپ،
تۇرار ئىكەن شۇنداق سايىسى.
ئېگىلسەركەن سايىمۇ بىللە،
گەر ئېگىلسە ئادەم گايىسى.

ئوخشاتقۇلۇق ئىكەن سايىغا،
بەزەنلەرنىڭ قىلىغان ئىشىنى.
كەلمىگەچكە ھېچ ئىش قولىدىن،
جان باقاركەن دوراپ كىشىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## „شېئىر“ نىڭ جاۋابى

— تېتىپ كورسەم بەتتام ۋە خامسەن،
يا كەلگەنىڭ ئىگەڭگە ئالۋاڭ.
ئېيتقىن شۇنچە نوخسانىڭ تۇرۇپ،
نېچۈن قىلدىڭ بازارنى گالۋاڭ.

—سۈزدۈۋالغان ئىگەم ئالدىراش،
مەن قازاندا پىشقىچە قايناپ.
بولسۇن مەندە قانداق ياخشى تەم،
شۇمۇۋەرسە كۆپ قېتىم چايناپ؟

✕✕✕✕✕✕✕✕✕✕✕✕

## ياشلىق تۈيغۇسى

ئەمەتجان قېيۇم

ئولتۇراتتۇق ئۈستەڭ بويىدا،
قاراپ سۇغا، قىرغا، چېچەككە.
مۇڭدىشاتتۇق ئۆمۈر ھەققىدە،
ياشلىق ئىشقى يېنىپ يۈرەكتە.

لىپ - لىپ ئېتىپ بادام قاپىقىڭ،
ئەسىر قىلدى سېنى شوخ تۇيغۇ.
پىچىرلىدىڭ: „بولساق شۇ ئالما،
ۋاقىت تىنماي ئاققان ئېقىنغۇ.

سۈيۈپ ئۆتۈپ مەيىن شوخ شامال،
مەجنۇنتاللار ياپراقلىرىنى.
تىڭشىغانىدەك تۇراتتى بىر پەس،
ئىككىمىزنىڭ چاقچاقلىرىنى.

ۋاقىت قەدرى ئىنسان قىممىتى،
قەدرى دىمەك ژۇگەنلەش ئۇنى.
گۈزەل ياشلىق نۇرلانسۇن، كۈلۈپ -
ئىزدىمىزدىن ئىش - ئىجات گۈلى ...“

ئەشۇ پەيتتە سۇنىڭ بېتىدە
ئىككى ئالما كىبلىشتى ئېقىپ.
قاراپ قالدۇق ئاڭا ئارقىدىن،
قوغلاشقاندەك كېتىشتى چېپىپ.

مەتلۇبىڭغا قايىلمەن جېنىم،
سۆزى شىرىن، لىۋى ھەسەل - قەن.
ۋاقىت قەدرى مېھنەت-ئىجاتتىن،
بولسۇن مەڭگۈ بەختىيار ۋەتەن.

# باشلىغىم

مەھەممەت رىيىم تۇرسۇن

باشلىغىم ئادەت قىلىپتۇ " ئەتە " دەپ ھەر ۋەدىنى،
"ئەتە " دەپ ئېيتقان گېپى ئۇلايدىكەن ھەم ئەتىنى.

مەسىلە بولمايدۇ ھەل بىھۇدە كۈن شۇنداق ئۆتەر،
كىمكى چىڭ تۇرسا، تۇرەر ئاچچىغلىنىپ سوغ تەرىنى.

ۋە يەنە خۇددى كويۇك ئاپتاپ بولۇپ پەيلى يانار،
يوتكىگەندەك سازچى ساز مەرغۇلىغا ئۇزپەدىنى.

تۇلكىنىڭ خۇلقى كەبى ئۇ ھىجىيىپ سوزلەيدۇ ۋەز،
ھىچ ئالالمايدۇ كىشى ئېيتقان گېپىنىڭ تەمىنى.

مۇگدەر خىزمەتتە، خىزمەت ۋاقتىدا غايىپ يەنە،
بەرمىگەچ خىزمەتكە ئەسلا غەيرىتى، ھوش - زەنىنى.

نەپسىدە دىۋانە ئۇ، باغاق كۇتۇپ ئوتكەي كۇنى ،
بېشىغا بىر كىيدۇ ھەر ئولتۇرۇش ۋە بەزمىنى.

قېتىۋالغان سولتىدىن قارىسا ئەيمەنگىدەك،
ھىچ چۇشەنمەيدۇ قىلىنغان ياپتا گەپ ۋە تەنىنى.

دەيدۇ كىملەر كەلسە " ئەتە " بۇئۇنىڭ پەرز - ئادىتى،
ئەتە - ئەتە تۇگىمەس، كور ئەتىسى كوپ غەنىنى.

" گەپ ئېغىزدىن، جان ئېغىزدىن " دەيدۇ ئەل تەمسىل قىلىپ،
چۇشىنىشكە ئەقلى يەتمەمدۇ بۇ گەپنىڭ ۋەزنىنى.

ئەتىنىڭمۇ لايىغىدا بارغۇ خىزمەت ئىشلىرى،
سۇ كەبى ئوتكەن ھاياتى، بىلدۇرەر نەمەنىنى؟

باشلىغىم، سېگنال چېلىندى سال قۇلاق، باش سىلكىگىن،
ئەتىنى ئەككەل بۇگۇنگە، ئويلا ئورنۇڭ شەننى !...

# خوشنام زىننەتخان

رازىيە قادىر

ھالال تەردىن بەخت تاپقان زىننەت ئاچام،
تەقدىرلەندى بولغان ئۈچۈن يېگىدىن باي.
«قۇتقۇزۇش» قا تىزىملىغان روىى خەتنى،
ئوتقاسالدى ئوز ئەپتىگە توغرا تاپماي.

دوسقىنىدا نېمەتلىرى ياغزا - ياغزا،
تۆرغاچ بۇغداي، قوناقلىرى كاتقا پاتماي.
تۆل بولسىمۇ چىقالايدۇ ئالدىغا راست،
ھەرقانداق بىر مېھمان كەلسە بېشى قاتماي.

تولەپ ئاشقان ھۆددە ئاشلىق، پاختىدىن،
قېرىلارغا قىلدى ياردەم پۇلغا ساتماي.
تۇخۇم قويسا قىمىرلىماس دۇمبىسىدە،
ھۆددە مالنى ئۆزى باققاچ پادىغا قاتماي.

ھەر مۇكاپات ئالغىنىدا زىننەت ئاچام،
دەيدۇ دائىم : «كەلمەس راھەتجا پا تارتماي»
ئۇنىڭ نامى ئەل ئىچىدە ماختالغاندا،
تۇرالمىتىم خوشنام تۇرسا كۈيگە قاتماي.

~~~~▷☼◁~~~~

# ئېناق دوستلار

دىلبەر ياقۇپ

خوشال كىردى ئوغلۇم بۈگۈن،
سوزلەپ كەتتى بىر چىرايلىق.
ھەيران بولدۇم ئەجەپ ئىشقۇ،
بەخش ئەتتى كىم خوشاللىق.

«ماماني خاۋ؟» دىدى ئوغلۇم،
سورىدىم مەن مەنىسىنى.
خوشاللىقنىڭ تېگى ئىكەن،
ئۈگەنگەچكە خەنزۇچىنى.

ئولتۇرۇمىز چوڭ قورادا،
ئۇيغۇر، خەنزۇ چىڭ ئىتتىپاق.
كىچىك ئوغلۇم دوست بولۇپتۇ،
شاۋما بىلەن شۇنچە ئېناق.

شاۋما بىلەر ئۇيغۇرچىنى،
ئوغلۇم سوزلەر خەنزۇچىنى.
كىچىك دوستلار بىرگە ئويناپ،
بىلىۋاپتۇ بىر-دىن تىلنى.

نىمە دىگەن ياخشى خىسلەت،
يارىتىلغان بۈگۈن بىزدە.
مەكتەپ يېشى توشماي تۇرۇپ،
تىل ئۈگىنىش ئىسىل ئىش تە!

تەسىرلىنىپ چىن قەلبىدىن،
سۈيۈپ قويدۇم ئوغلۇمنى مەن.
دىدىم :«بىللە ئۆتكىن بالام،
دوستلۇغىڭدىن كۈلسۈن ۋەتەن.»
~~~~

# سۇيدۇڭزىدا

( ھېكايە )

ئابلا ئەخمەدى

مەن تولىمۇ ئۇنۇتقاق ئادەم . بەزىدە ھەتتا تۈنۈگۈنكى، بۈگۈن ئەتىگەنكى ئىشلارنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىمەن. ئۇنۇتقاقلىقىم تۈپەيلى، تېخى قولۇمدا تۇرغان نەرسىنىمۇ ئىزدەپ تاپالماي، سائەتلەپ ـ سائەتلەپ سەرسان بولىمەن . بىراق كىچىككىمدە ــ 1950 ـ يىلى باش كۈزدە دادام سوزلەپ بەرگەن ماۋۇ ھېكايە ھازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ:

» قايسى يىل ئىكەنلىكى ئېسىمدە يوق ، ئىش قىلىپ ھەپتىيەكنى تاماملاپ ، قۇرئانغا كوچكەن يىلىم ئىدى ، ـ دېگەن ئىدى دادام ، ـ دادام بىلەن بىللە بامدات نامىزىنى مەچىتتە ئوقۇپ ، چالا ـ پۇچۇق ناشتا قىلدىم ـ دە ، قۇرئان سېلىنغان سەگەز جىلتامنى بويىنۇمغا ئاستىم ، ئاندىن ھەر كۈنكى ئادىتىم بويىچە قولتۇغۇمغا ئىككى تال يېرىندا ئوتۇننى قىستۇرۇپ ئويدىن چىقتىم . ئەزايىمغا نەشتەردەك سانچىلىۋاتقان سوغۇققا پىسەن قىلماستىن ، ئوتكەن ھەپتە ياققان قاردىن ئەيىنەكتەك سىلىق ۋە تېيىلغاق بولۇپ كەتكەن يولدا مۈدۈرۈپ ـ چوقۇرۇپ مەكتەپكە قاراپ ئۈچتۇم...

شۇنچە ئالدىرىغىنىمغا قارىماي ، باشقا ساۋاقداشلىرىمدىن كېيىن قالغان ئىكەنمەن ، شۇڭا ھوجرا ئىشىگىدىن كىرىپلا ، ئىشىكنىڭ يېقىنىراق توختىتىلغان تەككىر مەشىنىڭ يېنىغىلا يۈكۈندۈم . مۇددەررىس تېخى كەلمىگەچ ، ساۋاقداشلىرىم قايسىدۇر بىر تالىپ يۈتكەن ماۋۇ نەزمىنى ئۈنلۈك ئوقۇۋاتقان ئىكەن . مەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كەتتىم:

كوزۈمدىن ياش توكۈپ باقتىم ساماغا،
مۇناجات ئەيلىدىم قادىر خۇداغا،

شۇئان كورسەتتى يول قادىر ئىلاھىم،
بېشىمنى سىلىدى پۈشتى پاناھىم.
..............................

قاراڭغۇ كوچىدا مەكتەپ بولادۇر،
ئۇنىڭدا ئوقۇسا موللا بولادۇر.

قارا قۇچقاچ بولۇپ كىردىم كاماغا،
ساماندەك ساغىرىپ چىقتىم تالاغا.

ساماننى ئالغىلى باداڭ ـ تاغار يوق،
ئىلىملىك كىشىگە ئەسلا بالا يوق.

ئىلىم ئالغان كىشى كىرگەي بېھىشكە،
ئىلىمسىز كىشىگە نان يوق يېيىشكە.

بېھىشنىڭ ئىشىگىدە بىر تۇپ ئانادۇر،
ئۇنىڭ تاتلىقلىغى تىلنى يارادۇر.

بېھىشنى خالىساڭ ئىزدە ئىلىمنى،
ئىلىم بىرلە يورۇتقىل خەستە دىلىڭنى.

ئىلىمسىز كىشىنىڭ كوڭلى قارادۇر،
قارا كوڭلى ئۇنىڭ باشىن يارادۇر...

كۇتۇلمىگەندە، يېنىمدا ئولتۇرغان مەخسۇم ئىسمىلىك ساۋاقدىشىم جەينىكى بىلەن بىقىنىمغا ئاستا نوقۇپ:

— نورۇز، بۈگۈن مۇيىدۇكزىغا چىقامسەن؟ — دىدى پەس ئاۋازدا.

مەن ھەيران بولغىنىمدىن، سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاپ بەردىم:

— ياق، قانداق دەيسەن؟

— ماۋۇ ئاداشنى! ... شۇنداق تاماشانىمۇ كورمەمسەن؟

— تاماشا؟...

— قالتىس تاماشا دىگىنە ئۇ! بۈگۈن مۇيىدۇكزىدا سادىق چەكەدىنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ!...

بۇ گەپنى ئاڭلىغاندا، كوز ئالدىمدا تونۇش سىما گەۋدىلەندى:

سادىق چەكەدى 45 ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بويلۇق ئادەم بولۇپ، قاپقارا چاچلىرى گەجگىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ھەددىدىن زىيادە ئورۇقلىغىدىن، ئۇنىڭ قانداق ئورە تۇردۋاتقانلىغىغا ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران قالاتتى. قاپقارا، ھېلىلىدەك قورۇلۇپ كەتكەن يۈزى شۇنداق كورۇمسىز ئىدىكى، ئەگەر بۇ سۇپەتلەرگە مىس چوگۇننىڭ جوغىسىدەك ئۇچلۇق بۇرنى، پەسەن قوغۇننىڭ زىبدىسىدەك ئىچكىرى كىرىپ كەتكەن كالپۇكلىرى ۋە نەچچە يىللاپ ئۇستىرا ياكى قايچا كورمىگەنلىكتىن، ھەرتەرەپكە قالايمىقان چىچىلىپ كەتكەن ھەم شالاڭ، ھەم ئۇزۇن بۇرۇتى، ئۇچلۇق ئىڭىكىدە باققالنىڭ چىۋىن قورۇغۇچىدەك ساڭگىلاپ تۇرغان تەرتىپسىز ساقىلى قوشۇلسا، بەئەينى چوچەكلەردىكى ئاقساق ـ چولاق، جىن ـ ئەرۋاھنى ئەسلەتتى. ئەكسىچە، ئۇسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىكى ئورىدەك چوڭقۇر چاناقلىرىغا يوشۇرۇنغان بىرجۇپ كوزى چىل بورىنىڭ كوزىدەك دەھشەتلىك چاقنايتتى. ئەمىلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ ھايات ئىنسان ئىكەنلىگىنى ئەشۇ كوزلىرىدىلا ئىسپاتلاپ تۇراتتى. قولتىغىدىن ھىچ قاچان ئاجراتمايدىغان بىرتال يىپىرىدا ئۇنى تېخىمۇ سۈرلۈك كورسەتتەتتى. ئۇ بىردەممۇ شۈك تۇرمايتتى، كۈن بويى يول مېڭىپ پۈتلىرى تالمايتتى. ھېلى ياۋاغدا پەيدا بولغان بولسا، بىردەمدىن كېيىن ئوستەڭ بويىدا ياكى تۇشۇك دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى گۈزەردە پەيدا بولاتتى. ئەڭ كوپ يۈرىدىغان يېرى يومۇلاق شەھەر كولبېشى ئىدى. چاسا ۋە قارىقى دەرۋازىسى تەرەپلەرگە كامدىن كام بېرىپ قالاتتى. ئۇنى كورگەندە بەزىلەر نەپرەتلەنسە، بەزىلەر ئىچ ئاغرىتاتتى. يەنە بەزىلەر ئەيمىنەتتى. ئەكسىچە ئۇ،

AltunOq

كىچىك بالىلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئەرمەك ئىدى. كوپ چاغلاردا بىز:

ساديق ساراڭ،
ساديق ساراڭ؛
ساقىلى سۈپۈرگە،
كالىسى باراڭ، — دەپ كەينىگە كىرىۋالساق ئۇ دەسلەپ قاقاھلاپ كۈلەتتى — دە، كېيىن:

— مەن ساراڭ،... مەن ساراڭ ... — دەپ بىر نەچچە قېتىم تەكرارلايتتى، بەزىدە تەرىنى تۆركۈن ھالدا ئۇلۇغ — كىچىك تىنىپ قويۇپ، گەپ قىلماي شۈك تۇرۇۋالاتتى ياكى قېشىمىزدىن كېتىپ قالاتتى ۋە ياكى قولتۇغىدىكى يىپىرىندىنى دۇتار قىلىپ چېلىپ، قىڭغىل — تاغىل ئەۋازدا ناخشا ئېيتىپ كېتەتتى.

دۇتار چالىمەن ئۆزەم،
يىغلايدۇ قارا كوزۇم.
يۇرتۇمدا مۇساپىر مەن،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سوزۇم.

ئەللەر ھەر نىمە دەيدۇ،
بىرقارا كورۇنگەننى.
ئەقلى بولسا بىلمەمدۇ،
مىڭ ئۇلۇپ تىرىلگەننى
................................

ناخشا ئاخىرلاشقاندا، بىردىن ھوكىرەپ يىغلاپ كېتەتتى. يىغلاپ — يىغلاپ ئاخىرى "داراڭگىدا" كەينىگە ئۇچۇپ كېتەتتى. يەردە بىر نەچچە قېتىم ئېغىناپ بورىدەك ھوۋلايتتى. چىشلىرىنى كاراسلىتاتتى. جاۋغايلىرى سوپۇنىنىڭ ماغزىپىدەك كوپۈكلىشەتتى. پۇت — قولى بىر نەچچە قېتىم سوزۇلۇپ يىغىلاتتى — دە، پۈتۈن گەۋدىسى تاياقتەك قېتىپ قالاتتى. ھۇشىغا كەلگەندىن كېيىن بولسا، كوزلىرىنى ئادەمنىڭ قورققىسى كەلگىدەك چەكچەيتىپ، يىپىرىندىنى بېشى ئۈستىدە قېلىچ چاپقاندەك ئوينىتىپ، ئالدىغا — كەينىگە، ئوڭغا — سولغا توت — بەش قەدەمدىن سەكرەيتتى — دە، بار ئەۋازى بىلەن غەزەپلىك ۋاقىرايتتى.

— سازايى... سازايى... ئۈچ يىل بولدى ئىزدەيمەن، قەشقەردە خۇدا يوقكەن!... ئولتۇرىمەن! ئولتۇرىمەن!!...

مۇشۇ سوزى تۈپەيلى، ياپىلار ئۇنى پات — پات يامۇلغا ياكى جۇزىگە ئېلىپ كېتەتتى ۋە تاكى ئۇ پۈتۈنلەي ھوشىدىن كەتكىچە ئۇرۇپ سوقاتتى. بىر نەچچە كۈن ياكى بىرەر ھەپتە گۈندىخانىغا سولاپ قويۇپ، يەنە چىقىرىۋېتەتتى. ئۇ ھەر دائىم گۈندىخانىغا كىرىپ چىققىنىدا بىرلىك ئېتىدىن چۈشۈپ كېتەتتى، بىر نەچچە تال چىشىدىن ئايرىلاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بىر تالمۇ چىشى قالمىغان بولۇپ، كالپۇكلىرى ئىڭىكىدىن ئىچكىرى ئىدى. تۈنجى قېتىم كورگەن ئادەمگە ئاغزى پۈچۈقتەك كورۈنەتتى.

"ئۇ خەقنى ئولتۇرمەكچى ئىدى، ئەمدى ئوزى ئولىدىغان بوپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نىمىدۇ؟

بۇ سوئال كاللامدا پەيدا بولۇپ، مەخسۇمدىن سوراشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقىنىمدا، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئۈنى ئوچۇپ، ھەممەيلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئىتتىك بۇرۇلۇپ قارىسام، مۇدەررىسنىڭ سالاپەتلىك گەۋدىسى بوسوغىدا پەيدا بولغان ئىكەن. مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇردۇم. سالام — سائەتتىن كېيىن، مۇدەررىس بەقەسەم يىكەنداز ئۈستىدىن جاي ئالدى.

"يالغانچىدىن خۇدا بىزار" دىگەنگەپ بار. راستىمنى ئېيتسام، مەخسۇمنىڭ: "ساديق چاكەدىنى چاپىدىكەن" دىگەن گېپى قۇلىقىمغا كىرىش بىلەنلا، خىيالىم مۇيدۈگزىغا كەتكەن ئىدى. شۇڭا مۇدەررىس بېرىۋاتقان ساۋاق، ساقداشلىرىمـ

ىنىڭ چېچەك ھەرىلىرىدەك غوڭۇلداپ دەرس تەكرارلاشلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. ئەكسىچە، يېغىلىقتا ئۆلگەن ياكى دارغا ئېسىلغان كىشىلەرنىڭ قانغا مىلەنگەن، تومۇردەك كۆكۇرۇپ كەتكەن جەسەتلىرى ۋە ياكى ئۆزۈن خادىلارنىڭ ئۇچىغا بېكىتىلىپ ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدىدا جامائەتكە سازايى قىلىنغان ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم كاللىسى كۆزۈمگە تىقىلاتتى. "تېرىك ئادەمنى قانداق چاپىدىغاندۇ؟ ئادەم چاپىدىغان، ئادەم ئاتىدىغان جاللاتلار قانداق سىياقتا بولىدىغاندۇ؟» دېگەنلەر كۆڭلۈمدە كېزىپ يۈرەتتى. "جاللات» دېگەن سۆزدىن كۆز ئالدىمغا توت پۇتى، سەككىز قولى، يەتتە بېشى، ئوتتۇز ئالتە كۆزى بار غەلىتە مەخلۇق كېلەتتى. خىيالىم ئەشۇ مەخلۇقنى ۋە ئۇنىڭ پاسىق قىلىچى ئاستىدا جان بەرگەن گۇناھكار بەندىنى كۆرۈش ئىستىكىنىڭ كەينىدىن ئوقتەك يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغىنىمدا، قۇلىقىمنىڭ تۈۋىگە شوپۇك تەگدى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن، مەن ئۆز ئىستىكىمدىن ۋاز كەچكىنىم يوق:مۇددەررىس ئىستىراھەت جاكالاش بىلانىلا، تاشقىرىغا قاراپ ئۇچتۇم...

جىلتامنى پاختىلىق چەكمەن تون ئىچىگە ئېسىپ، پەشلىرىنى مەھكەم قىستۇرۇۋالغىنىم ئوچۇن، ھەچكىمنىۇ مېنى تالىپ دەپ پەرەز قىلمايتتى. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، پات - پات كەينىمگە قاراپ قويۇپ ، دەككە - دۈككە ئىچىدە كېتىپ بارىمەن. ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆزۈمنى بازارچىلارنىڭ ئارىسىغىراق ئېلىپ مېڭىشقا تىرىشىمەن. ئۇستەڭبويى، قاسقان بازىرىدىن ئوتۇپ، قۇمدەرۋازىغا يېقىنلاشقىنىمدا، يۈرۈكۈم قات قىلىپ، پۇتلىرىم ھەركەتتىن توختىدى.

"ئۇكۇمەمۇ، چۇشۇمەمۇ؟ خۇدا ماڭا نېمىلەرنى كورسىتىۋاتىدۇ؟...»

بىر نۇقتىغا تىككىنىمچە قېتىپ قالغان ئىدىم، كوزۇم ھېچنەرسىنى كورمەيتتى، قۇلىقىم ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايتتى. يا ئالدىمغا مېڭىشنى، يا كەينىمگە يېنىشنى بىلەلمەيتتىم...

كۇتۇلمىگەندە بىر قول يەلكەمنى تۇتتى. چۇچۇپ بېشىمنى كەينىمگە بۇرىغىنىمدا، ماڭا قاراپ ھىجىيىپ تۇرغان مەخسۇمنى كوردۇم.

— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ - دېدى ئۇ،- تاماشىشا كورۇۋېتىپسەن دە!

خېلىغىچە زۇۋان سۇرەلمىدىم. مەخسۇم مەسخىرىلىك ھىجىيىپ، مەندىن جاۋاپ كۇتىۋاتاتتى. ئەسلىدە "ھەئە» ياكى "ياق» دېگەن جاۋاپنى بېرىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر ئاغزىمدىن باشقا سوز چىقتى:

— بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ؟

— مۇيدۇگزىغا چىقىپ كېتىۋاتىمەن، سەنچۇ؟

— مەنمۇ...

— ئۇنداق بولسا، بىللە چىقايلى، جۇرە.

مەخسۇم بىلىكىمدىن تارتتى، مەن تىرەجەدىم.

— نېمە بولدى؟ - مەخسۇم ماڭا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى.

ئېھتىمال كوزلىرىمدىن ئۆز سوئالىغا جاۋاپ تاپقان بولسا كېرەك، بىر ھازا قاقاھلاپ كۇلدى، ئاندىن:

— قورقىۋاتامسەن؟ - دەپ سورىدى.

مەن راستىمنى ئېيتتىم:

— ھەئە.

ئۇ تېخىمۇ بەكك كۇلۇپ كەتتى.خېلىدىن كېيىن، چوڭ كىشىلەر قورقۇنچاق كىچىك بالىنى بەزلىگەندەك قىيا پەتتە قەددىنى كىرىپ، ئۇڭ قولىنى يەلكەمگە قويدى - دە، چۇشەندۇرۇشكە باشلىدى:

— يائاللا، تازىمۇ قورقۇنچاق نەرسە ئىكەنسەن... قورقما، ئۇلار سېنى يېمەيدۇ!...

مەن يەنىلا كەينىمگە ئىرەجىدىم. راستىمنى ئېيتسام مۇيدۇگىزىدا كۆرۈدىغان تاماششانى كۆرۈشكىمۇ ھەپسىلەم قالمىغان ئىدى. چۈنكى، مەندىن يەتتە - سەككىز قەدەمچە نېرىدا يۈزى ناغرىدەك ئىششىتىپ، چاچ - ساقاللىرى ئۆسكىنىدىن ئادەم سىياقى قالمىغان؛ تاسماق-تاسماق قىزىل، ئاق، كۆك ماتادىن ئىشتان - چاپان كەيدۈرۈلگەن؛ سوغۇقتىن كۆكۈرۈپ كەتكەن يالىڭاياق، پۇتلىرىغا ئەپكەشنىڭ سوغىسىدەك چوڭلۇقتا تۆتچاساكوتەك ۋەكشەن سېلىنغان ئىككى ئادەم شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئىككى قانىتىغا قۇلىغىدىن مىخلاغلىق تۇراتتى. كۆز قارچۇقلىرىنىڭ تىنىمسىز مىدىرلىشى، توڭغانلىقتىن چىشلىرىنىڭ كاسىلدىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چىرايىدىن يا پۇشايمان قىلمىش، ياكى ئازاپ ھېس قىلغانلىق ئىپادىسى كۆرۈنمەيتتى. ئەكسىچە، ئالدىدىن ئۆتكەن شەر بىر ئادەمنى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلاشقا تىرىشىپ سىنچىلاپ قاراۋاتقاندەك، مەسخىرە قىلىپ كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك، ھەتتا كۆزلىرى بىلەن نېمىلەرنىدۇ دەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. مېنى قورقىتىۋاتقىنىمۇ دەل ئۇلارنىڭ ئەشۇ قىياپىتى ئىدى.

"توۋا، - دىدىم ئىچىمدە، - بىچارىلار نېمە گۇنا قىلغان بولغىدى"

مەن بۇ خىيالىمنى ئېيتقىنىمدا:

- سادىق چاكەدىنىڭ شېرىكلىرى ئىكەن، - دىدى مەخسۇم ئىشەنچ بىلەن، - سادىق چاكەدى مۇشۇلارنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن سوجاڭنى ئۆلتۈرۈپتۇ.

ھەيرانلىقىم تېخىمۇ ئېشىپ، ياندۇرۇپ سورىدىم:

- كىم شۇنداق دەيدۇ؟

- دادام.

- دادام؟ .... داداڭ ... ؟

- دادام دىگەن ئامبالنىڭ تۇڭچىسى ①. ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ!

مەخسۇمنىڭ سۆزلىرىدىن شۇنداق نەرسە مەلۇم بولدىكى: مۇندىن بىر ئاي بۇرۇن، سادىق چاكەدى قانداقتۇ بىر سوجاڭنى ئۆلتۈرگەنمىش. شۇڭا، ئىلگىرى ئۈنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ھالىدىن خەۋەر ئالغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى گۇندىخانىغا سولانغان ئىكەن. يېقىندا سادىق چاكەدىنى چېپىش توغرىسىدا ئامبالدىن يارلىق چۈشۈپتۇ. بۈگۈن ئۇلارغا ئەشۇنداق غەلىتە كېيىم كەيگۈزۈلۈپ، شەھەرنىڭ ھەر بىر دەرۋازىسىغا ئىككىدىن كىشى قۇلىغىدىن مىخلىنىپ خالايىققا ئىبرەت قىلىنىدىكەن.

كۆرىۋاتقىنىم قانچە غەلىتە بولسا، ئاڭلاۋاتقانلىرىم ئۇنىڭدىنمۇ غەلىتە ئىدى. ئاڭلىغانسېرى ھەيرانلىقىم تېخىمۇ ئېشىپ، قورقۇنچۇم قاياقلارغىدۇ ئۇچۇپ كەتتى. ئەمدى مەخسۇمنىڭ زورلىشىنىمۇ كۈتمەستىن، يولۇمنى داۋام قىلدىم. ئەمما، نېمە ئۈچۈندۇ بېشىمنى يەردىن ئۈستۈن قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم...

× ×

بازار كۈنى بولۇشىغا قارىماي، دەرۋازىدىن كىرىپ - چىقىۋاتقانلار بار بىلەن يوقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. دەرۋازىنىڭ سىرتىدا ئىككى، ئىچىدە ئىككى قوراللىق ساقچى ھەيكەلدەك قېتىپ تۇراتتى. ئاقىپەجە - چومبەل بىلەن پۈركەنگەن بىر ئايال يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، پەس ئاۋازدا نالە قىلدى:

- ئى كەردى كەك، قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدا... ئەشۇ بىقۇرۇ بەندىلىرىڭنىڭ مۇشكۇلىنى ئاسان قىلغايسەن!...

دەرۋازا سىرتىغا چىقتۇق. مەسنەپتە كۆنلىگەنمۇ باس - باس سودا بولىدىغان ئاشپەزخانا، سامسۇ - گوش گىردە خانىلارنىڭ بېرەرسىمۇ ئوچۇق ئەمەس، كىشىلەر ئۇيەر، بۇيەردە ئىككىدىن - ئۈچتىن غۇژمەك بولۇشۇپ، نېمىلەر توغرىلىقتۇر پىچىرلاشماقتا. چىرايلار سورۇن، كۆزلەر نېمىدىندۇر ئەندىشە قىلىۋاتقاندەك، پات - پات ئەتراپقا ئالاق-

① تۇڭچى - تەرجىمان

جالاق تىكىلمەكتە. بىز يۈگۈرۈپ دېگىدەك كېتىپ بارىمىز. يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھنىڭ مازىرى يېنىغا كەلگىنىمىزدە، ئالدى تەرىپىمىزدە ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم كۆرۈندى، قەدەممىز تېخىمۇ تېزلەشتى، ئۇلارغا قالماي يېتىشىۋالدۇق. ئوڭغۇل-دوڭغۇل تاش يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بىر دانە تومۇر ئۇلتاڭلىق ئەسكى هارۋا ئالدىرىماي كېتىپ باراتتى. هارۋا ئۈستىدە بوينىغا تاقاق سېلىنغان، جۇل - جۇل كىيىملىك بىر ئادەم يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. هارۋىنى قىرىق ئەللىك چېرىك ئارىغا ئېلىپ ماڭغان بولۇپ، پات-پات خالايىققا هەيۋە قىلىپ، ئۇلارنى هارۋىدىن يىراقراق مېڭىشقا قىستايتتى.

— ياخشى ئولگۇرۇپ كەپتۇق، - دېدى گۈلقەهقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن مەخسۇم ماڭا قىيا بۇرۇلۇپ، تونۇدۇڭمۇ؟ ئەشۇ هارۋىدا ئولتۇرغان سادىق چاكەدى شۇ، بۇ ئوغرىنى چاپقاننى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرىدىغان بولدۇق!...

ئۇ ئاغزى بىسىلماي سۆزلەيتتى، كۆز ئالدىمدا سادىق چاكەدىنىڭ قاچاندۇر بىر چاغدىكى دات-پەرياد كۆتىرىپ يىغلىغان ئايانچلىق قىياپىتى تېخىمۇ رۇشەن گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. نىمە ئۈچۈندۇر كۆڭلۈم بىر قىسىملا ئىدى. يائۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقىمنى، ياكى بۇيەرگە تاماششا كۆرگىلى چىقىپ قالغانلىقىمغا پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيتتىم. زاغۇن يىگەن موزايدەك خارامۇشلۇق ئىچىدە يولۇمنى داۋام قىلماقتا ئىدىم.

— خالايىق .... مەندىن رازى بولۇڭلار!...

بۇ - سادىق چاكەدىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ شۇنداق دېدى - يۇ، بېشىغا قامچا يېدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا هارۋىغا ئەگىشىپ كېتىۋاتقان خەلق توپى نىمە ئۈچۈندۇر بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىلىشتى. بەزىلەر:

"هەي - ى .... " دەپ ئىچىنى ئۇرۇشتى. يەنە بەزىلەر توپتىن ئايرىلىپ، كەينىگە يېنىشتى. كېتىۋېتىپ بىر - بىرىگە نىمىلەرنىدۇ دېيىشتى. ئەكسىچە، خۇشاللىقتىن جېنى ئىچىگە پاتماي قالغان مەخسۇم مېنى قولۇمدىن سورەپ، هەدەپ ئالغا ئىنتىلەتتى.

دەرۋەقە، ئۇزۇنغا قالماي هارۋىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئوتۇپ قالدۇق. مانا شۇ چاغدىلا هەقىقى "تاماششا" نى كۆردۈم: سادىق چاكەدىنىڭ ئالدى تەرىپىنى بوينىغا كېيگۈزۈلگەن قوۋۇق توسۇپ تۇرغاچ ئۇنىڭ بېشىنىلا كۆرگىلى بولاتتى. شۇ تاپتا ئۇ، مەن ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن چاغدىكىدىن ناھايىتى كۆپ قېرىپ كەتكەندەك تۇراتتى. يۈزى ۋە ساقاللىرى قان بىلەن بويالغان بولۇپ، ئۇنى تېخىمۇ سۈرلۈك قىلىۋەتكەن ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇنداق مەغرۇر، شۇنداق خاتىرجەم چاقنايتتىكى، يانا ئازغىنا ۋاقىتتىن كېيىن كاللىسى تېنىدىن جۇدا بولىدىغانلىقى، ئاشۇ كۆزلەرنىڭ مەڭگۈلۈك يۇمۇلىدىغانلىقىغا ئادەمنىڭ هەرگىز ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ ئولتۇرغان هارۋىنى باياتىن بىز كۆرگەنگە ئوخشاش ئالا - ۋاراق ئۈستىۋاش كەيگەن، يۈز كۆزىمۇ ئۈستىۋېشىغا ئوخشاشلا يول - يول قاپارتقۇ ۋە قان داغلىرى بىلەن تولغان هەم ئورۇق، هەم نىمجان ئىككى ئادەم سورەپ كېتىۋاتاتتى. بىرىنىڭ ئوڭ، بىرىنىڭ سول پۇتىغا كوتەك سېلىنىپ، ئىككىسىنىڭ بىردىن پۇتى كىشەن بىلەن بىر-بىرىگە چېتىلغاچ، قەدەملىرىنى ناهايىتى تەسلىكتە يوتكەيتتى. ئەگەر سەللا بىخەستەلىك قىلىپ، كىشەنلەنگەن پۇتلىرىنى بىرى بالدۇر، بىرى كېيىن يوتكەپ قالسا، هەر ئىككەيلەن مودۇرۇپ كېتەتتى ياكى دەلدۈگۈنۈپ يىقىلىپ

چۈشەتتى. مۇنداق چاغلاردا، ھارۋىكەش، ئور-
نىدا ئۇلارغا مۇئەككەل بولۇپ كېتىۋاتقان
ئىككى نەپەر ئاتلىق چېرىك قولىدىكى قامچا
بىلەن تارسىلدىتىپ سالاتتى. ئۇلار چىشىنى-
چىشىغا بېسىپ، زور بىلەن ئورنىدىن
تۇرۇپ، ھارۋىنى يېگىۋاشتىن سورەيتتى. سا-
دىق چاكەدى بولسا، غىلىدە ياش كەلگەن
كوزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ، چىشلىرىنى غۇچۇر-
لىتاتتى. ئەپتىدىن ئۇلارنى ئوزىنى تېزراق
مۇيدۇگزىغا يەتكۈزۈپ ئادىمىنىڭ ئەقلىگە سىغ-
مايدىغان بۇ خورلۇقتىن تېزراق قۇتۇلۇشقا
دەۋەت قىلىۋاتقاندەك كورىنەتتى.

× ×

كېتىۋاتىمەن، كەينىمگە يېنىشتىن نومۇس
قىلىپ، مەخسۇمغا ئەگىشىپ كېتىۋاتىمەن. خا
سادىق چاكەدىگە، خا ھارۋا سورەپ كېتىۋات-
قان غەلىتە ئادەملەرگە قاراپمۇ قويمايمەن،
ئىچىمدە توختىماي دورۇت ئوقۇيمەن......

كېتىۋېتىپ قۇلۇغۇم ماۋۇلارنى ئاڭلاپ قال-
دى: سادىق چاكەدى 16 ياشلاردىكى ئوغلى
قۇربان بىلەن يېڭى دەرۋازا سىرتىدىكى سې-
يىلگە چاپلاپ سېلىنغان توخۇنىڭ كاتىگىدەك
كۆتلەك بىر كەپىدە ئولتۇرىدىكەن. قۇربان
دەرۋازا ئېچىلىش بىلەنلا شەھەرگە كىرىپ
كېتىپ، تاكى كوز باغلانغىچە ئۈستەم-
سىنىڭ دۈككىنىدا سەتىراچىلىق
قىلىدىكەن. بىر كۈنى قۇربان ئىشتىن يېنىپ
شەھەر دەرۋازىسىغا يېقىنلاپ كەلگەندە، دەر-
ۋازا بېقىۋاتقان نوۋەتچى چېرىك دەرۋازىنىڭ
بىرقانىتىنى ئاللاقاچان يېپىپ بولۇپ، ئىككىن-
چى قانىتىنى يېپىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئىكەن،
قۇربان قەدىمىنى تېزلىتىپ، دەرۋازىغا يېقىن-
لاپ كەپتۇ ۋە چېرىكنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي،
دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. چېرىك "توختا..."
دەپ ۋاقىراپتۇ ـ دە، مىلتىقىدىن ئوق چىقى-
رىپتۇ. ئوق قۇرباننىڭ ئارقا مېڭىسىگە تېگىپ،
شۇئان جان بېرىپتۇ. سادىق چاكەدى دات-
پەريات كوتۇرۇپ، ئوزىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئې-
تىپتۇ. قولىغا يوغان تاش ئېلىپ، شەھەر دەر-
ۋازىسىنى چاقىشتىپ تۇرۇپتۇ. ئىچكىرىدىن ھېچ
قانداق سادا بولمىغاندىن كېيىن، تېخىمۇقات-
تىق يىغا ـ زارە قىپتۇ... ئوغلىنى يەرلىكىدە
قويغاندىن كېيىن، دوتەي يامۇل، شەنگەن يا-
مۇللارغا بېرىپ، ھېلىقى چېرىك ئۈستىدىن ئەرز
قىپتۇ. ئامبال بىلەن شەنگەن دەسلەپ نۇرغۇن
ياغلىما گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ كوڭلىنى ياساپتۇ،
كۈنلەر ئوتكەنسېرى، ئۇنى كورسە ئوزىنى قا-
چۇرىدىغان، ھەتتا سىلكىشلەيدىغان بولۇۋاپتۇ.
ئىككى يىل ئەنە شۇنداق ئوتۇپ كېتىپتۇ. تولا
يول مېڭىپ زېدىقاپ كەتكەن سادىق چاكەدى
مېڭىسىدىن ئېزىپ، ئالا ـ جوقا سوزلەيدىغان،
چېرىكنى كورسىلا: " ئولتۇرىمەن " دەپ ۋا-
قىرايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇندىن بىرئاي ئىل-
گىرى، بىر ئەمەلدارنىڭ ئالدىنى توسۇپ تازا
تىللاپتۇ، تۈكۈرۈپتۇ. ئەمەلدار كېتىپ ئوزۇن
ئوتمەي، ئىككى ساقچى ئۇنى تۇتۇپ، جوزىگە
ئەكىرىپتۇ. سوجاڭ ئۇنى بىرمۇنچە ئۇرۇپ،
تىللىغاندىن كېيىن، تاپانچىسىنى قېپىدىن چى-
قىرىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ پېشانىسىگە تەڭلەپ ھەي-
ۋە قىپتۇ. مانا شۇ چاغدا، سادىق چاكەدى كاپ
قىلىپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، تاپانچىسىنى
تارتىۋاپتۇ ۋە تەپكىسىنى بىرلا باسقان ئىكەن،
سوجاڭ تىنتارتماي جان بېرىپتۇ. ئوق ئاۋا-
زىنى ئاڭلاپ ھاسازلاپ كىرىپ كەلگەن ساق-
چىلار دىنەۋ ئىككىسىنىڭ جېنى جەھەننەمگە ئۇ-
زاپتۇ. ئەگەر تاپانچىدا يەنە بىر نەچچە پاي
ئوق بولغان بولسا، سادىق چاكەدى يەنە كى-
لەرنىڭ جېنىغا زامىن بولاتتىكىن ـ تاڭ؟!

قىزىغى شۇكى، ئەشۇ ۋەقەدىن كېيىن، سا-
دىق چاكەدى پۈتۈنلەي ساقىيىپ قاپتۇ.

× ×

www.uyghurkitap.com

هارۋا مۇيدۇڭزىغا كەلدى. پۈتۈن جازامەيدانىدا ئاران بىرەر يۈزچە ئادەم تۇراتتى.

سادىق چاكەدىنى هارۋىدىن چۈشۈرۈشتى. ئۇ، مەغرۇر كۆلۈمسىرەپ، سۇتتەك ئاپپاق ئايغىر ئۈستىدە غادىيىپ ئولتۇرغان ئەمەلدارغا نەشتەردەك قادىلىپ، غەزەپ بىلەن ۋاقىردى:

— قېنى ئولتۇرمەمسەن!...

ئەمەلدارنىڭ چىرايى ئامدەك تاتىرىپكەتتى. كوزلىرىدىن ناھايىتى ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغانلىغى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ، تۇكۇرۇگىنى زورىغا يۇتۇپ، سادىق چاكادىگە ئالىيىپ بىر قاراپ قويدى ـ دە، يېنىدىكى كىچىكرەك بىر ئەمەلدارغا بىر نەرسە دىدى. كىچىك ئەمەلدار ئېتىنى دىۋىتىپ، سادىق چاكەدىنىڭ قېشىغا يېقىنراق بېرىپ، ئۇنىڭغا مۇئەككەل بولۇپ تۇرغان چىرىكلەرگە بۇيرۇق قىلدى:

— قوۋۇقنى ئېلىڭلار!

قۇلۇپ ئېچىلىپ، سادىق چاكەدىنىڭ بويىنىدىكى قوۋۇق ئېلىۋېتىلدى. سادىق چاكەدى ئېغىر قوۋۇقتىن قۇتۇلغان بوينىنى ھەر تەرەپكە بۇراپ، ھەممە كىشىگە دىگىدەك بىر قېتىمدىن قاراپ چىقتى، ئاندىن ئاۋازىنى بايىقىدىنمۇ بەكرەك كوتىرىپ ۋاقىردى:

— مېنى ئولتۇرەمسىلەر؟ ھا... ھا... ھا!... ئولتۇرۇۋېرىڭلار! ـ ئۇ بىردىن ھوكۇرەپ يىغلاپ كەتتى. يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دىدى،ـ خالايىق مەندىن رازى بولۇڭلار!...مەن...

ئىككى چىرىك ئىككى ياندىن ئېتىلىپ كەلىپ، گېلىنى بوغدى، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تەپتى، تىزلىدى، يەرگە يېقىتىپ بىر نەچچەنى دەسسىۋېتىپ، يەنە تارتقۇچلاپ ئورە تۇرغۇزۇشتى. شۇ چاغدا سادىق چاكەدى بىرلا يولقۇنۇپ ئۇلارنىڭ قولىدىن ئاجراپ كەتتى ۋە ئالدىغا بىر نەچچە قەدەم دۈگجۈپ، بىسار ئاۋازى بىلەن ۋاقىردى:

— ئولتۇرۇڭلار، جاللاتلار!... سىلەر بىرنى ئولتۇرگەن ئىدىڭلار، مەن ئۇچنى ئولتۇردۇم، ئارمىنىم يوق!...ھا، ھا، ھا!...

بۇ كۇتۇلمىگەن غەيرەت ـ شىجائەتتىن ساراسىمىگە چۈشكەن چىرىكلەر ئۇنىڭغا يېڭىۋاشتىن ئېتىلماقچى بولۇۋاتقاندا، چوڭ ئەمەلدار:

چاپ!... دەپ بۇيرۇق قىلغان ئىدى. خىلىدىن بىرى قېلىچ يالاڭداپ، پەقەت ئەشۇ سوزنىلا كۇتۇپ تۇرۇشقان ئىككى نەپەر جاللات قېلىچلىرىنى بېشىدىن ئېگىز كوتەردى. گىلىمنى بىر نەرسە بوغۇۋالغاندەك دەمىم سىقىلىپ، ياشلانغان كوزلۇرۇم ئىختىيارسىز يۇمۇلدى. مەخسۇم ئاغزى بېسىلماي سوزلەپ، قاقاھلاپ كۇلەتتى:

— ۋاي... ۋاي... ۋاي ... ئەجەپ ئوبدان بولدى!... بۇ سارالىڭ بىر چاغدا مېنى: "ھارامدىن بولغان" دەپ تىللىغان ئىدى. نوچى بولسا ئەمدى تىللاپ باقسۇنا قېنى!... ھى ... ھى...ھى!...

يېنىمىزدا تۇرغان بىر موۋسىپىت مەخسۇمغا ئايلىنىپ بىر قاراپ قويۇپ، قولىنى دۇئاغا كوتەردى :

— ئى ئۇلۇغ پەرۋەردىگارى ئالەم، رەھىمەتلىك قولۇڭنىڭ گۇناھىكە بىر، گۇناھى سەغىرلەرنى دەرگاھىڭدا مەغپىرەت قىلىپ، جۇملە مومىنلەر قاتارىدا سەككىز جەننەت ئاتا قىلغايسەن! ئامىن...

مەنمۇ قولۇمنى دۇئاغا كوتەردىم. ئەمما، يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان كوز ياشلىرىمنى توختۇتالماي، زادى نىمە دەپ دۇئا قىلغانلىغىمنى بىلەلمەيلا قالدىم.

× ×

— توۋا، مۇنداقمۇ غەلىتە ئىش بولىدىكەن، ـ دىگەن ئىدى دادام ھىكايىسىنى داۋام قىلىپ،ـ گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنى سوراق قىلىش،ـ ئاخىرلاشاي دىگەندە، ئىككى نەپەر

قېرى قاغدالما ئىشپىيون بىر ـ بىرىنىڭ يې ـ
غىرىنى كولىشىپ ، مۇندىن يىگىرمە نەچچە
يىل بۇرۇن ئولتۇرۇلگەن سادىق چاكەدىنىڭ
ئولۇمىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ۋەقەنىڭ ئۇچىنى
چىقىرىپ قويۇشتى . مەن ئەشۇ يىپ ئۇچىنى
مەھكەم تۇتۇۋېلىپ ، ئۇلارنى سوراق قىلىشنى
داۋام قىلدىم. ئۈچ كۈنلۈك سوراقتىن كېيىن ،
” پىچاق » لەقەملىك ئىشپىيونىنىڭ ئىقرارىدىن
ماۋۇلارنى ئۇقۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇم : سادىق
چاكەدىنىڭ ئوغلى قۇربانىنىڭ ئۇستىسى شە ـ
ھەردىكى ئەڭ داڭلىق سەتىراچلاردىن بىرى
بولۇپ ، چوپقىنى بەكمۇ كوپ ئىكەن . ئۇنىڭ
دۇكىنىغا ئەتىگەندە كىرگەن ئادەم چۈشكىچە،
چۈشتە كىرگەن ئادەم كۈن ئولتۇرغىچە نوۋەت
ساقلاپ ، ئوز ئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىكەن.
بۇ ئىش ” پىچاق » نىڭ دىققىتىنى قوزغاپتۇ .
ئۇ ، بىر قانچە قېتىم چاچ ـ ساقال ئالدۇ ـ
رۇش باھانىسى بىلەن بۇ دۇكانغا كىرىپتۇ ۋە
قۇربانىنى بىر بۇلۇڭغا تارتىپ ، ئۇنىڭغا خې ـ
رىدارلار ئولتۇرىدىغان بولۇنغان گەپ ـ سوز ـ
لەرنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ، ھەر كۈنى كەچ ـ
تە ئوزىگە دوكلات قىلىپ تۇرۇشنى تاپىلاپتۇ .
قۇربان گەرچە ئۇنىڭ تاپشۇرىغىنى قوبۇل
قىلغان بولسىمۇ ، بىرەر ئايغىچە ھېچقانداق
مەلۇمات بەرمەپتۇ . ” پىچاق » ھارپا كۈنى
بۇ دۇكانغا چاچ ـ ساقال ئالدۇرغىلى كىرگەن ـ
دە ، بەزىلەرنىڭ ھوكۇمەتنىڭ يامان گېپىنى
قىلغانلىغىنى ئاڭلاپ قاپتۇ . دۇكاندىن قاي ـ
تىپ چىقىشتا قۇربانىنى سىرتقا چاقىرىپ ، ئۇ ـ
نىڭغا بىر مۇنچە كايىپتۇ .

ـ ھەي ۋىجدانسىز غالچا ، ـ دەپتۇ قۇر ـ
بان ئۇنىڭ سوزلىرىنى سەۋرىچانلىق بىلەن
ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ،ـ ھەممە ئادەمنى
ئوزەڭگە ئوخشاش پۇل ـ مال ئۇچۇن ئاتا ـ
ئانىسىنى ئولۇمگە تۇتۇپ بېرىدىغان ھايۋان
چاغلامسەن ! ؟ بىلىپ قوي، مەن ـ ئادەمەن!

بۇ گەپلەر ” پىچاق » نىڭ جېنىدىن ئو ـ
تۇپ كېتىپتۇ ، ئۇ قۇربانغا بىر نەچچە ئېغىز
پوپۇزا قىپتۇ ـ دە ، كېتىپتۇ ۋە شۇ كۈنىنىڭ
ئوزىدىلا يېڭى دەرۋازىنى باشقا دەرۋازىلار ـ
دىن بىر سائەت بالدۇر تاقاش توغرىسىدا
بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، قۇربان دەرۋازا تۇۋىدە
پەيدا بولغان چاغدا ” بەلگىلىمىگە خىلاپلىق
قىلىپ كېچەسى يول يۇرگەن ھەم قاراۋۇل بى ـ
لەن جېدەللەشكەن » دىگەن بەدنامنى چاپلاپ
قولغا ئېلىش ، قالغان ئىشنى كېيىن ” توغرى ـ
لاش » نىيىتىگە كەپتۇ . بىراق ، نوۋەتچى
چېرىك ئۇنىڭ پىلانىنى بۇزۇۋېتىپتۇ. ”پىچاق“
كەلكىن دەپ قالما ، ھېلىقى مەخسۇمنىڭ دا ـ
دىسى ئىكەن .



# ئاتا مېھرى

(ھېكايە)

ھاجى ئەخمەت

ئاتادەك مېھرىۋان قايدا؟
ئاتادەك مېھرىۋان قايدا ؟ ...

(خەلق قوشىقى)

ھېلىمۇ ئېسىمدە، باللىق چاغ-
لىرىمدا تولىمۇ شوخ ۋە كەپسىز
ئىدىم. بىر دەممۇ مەندىن
ئايرىلمايدىغان قارا بوينى-
خىمنى ئەگەشتۈرۈپ كوچىغا
چىقىشىم بىلەنلا،
ئەتراپتا ئەنسىزچىلىك باش-
لىناتتى: گاھ ئېتىمنى كۆش-

كۆرتۈپ، يولدا ئۇچرىغان توخۇ، مۈشۈك ۋە قوي - قوزىلارنى هوركۈتۈپ قوغلىسام، گاھ قۇچقاچ بالىلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن خولۇم - خوشنىلارنىڭ ئېمىغا يامىشىپ، ئۇۋىنىڭ ئاغزىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە پىچاق بىلەن خىشلارنى پارچىلاپ - قومۇراتتىم. بەزىدە ئۆي ئېمىنىڭ مەرەپ ياكى تاكچا - ئويۇقلارغا ئۇدۇل كېلىپ قالغان يېرى يۇلتۇزدەك تېشىلىپ كېتىپ، چاتاقنىڭ چوڭى تۇغۇلاتتى. هاۋا ئىسسىغاندا بولسا تەرلەپ - پىشىپ كول بويىغا باراتتىم - دە، كىيىملىرىمنى يېشىپ، ئۆزۈمنى پولدۇڭگىدە سۇغا ئاتاتتىم، كوزا ۋە قاپاقلارغا سۇ ئېلىۋاتقان خوتۇن - قىزلار بۇنى كورۇپ چۇقۇرۇشۇپ كېتەتتى. نەتىجىدە خولۇم - خوشنىلار ئۆيىمىزگە كېلىپ، يۇقارقى قىلمىشلىرىم ئۈستىدىن ئاتا - ئانامغا ئەرز قىلىشاتتى.

بۇنداق چاغلاردا دادام ئاچچىقىنى باسالماستىن:

— هو، نان قېپى هارامزادە، مەن سېنىڭ ئەدىۋىڭنى بەرمەيدىغان بولسام! ... دەپ، قولىغىمنى سوزۇشقا ئىنتىلەتتى. كوپۈنچە هاللاردا مەن ئاتامنىڭ قولىدىن شارتتىدە قېچىپ قۇتۇلاتتىم، بەزىدە سىرتقا قېچىش ئەپسىزرەك بولسا، ئانامنىڭ قېشىغا بېرىۋالاتتىم. ئانا قۇچىقى مەن ئۈچۈن ئەڭ خەتەرسىز مۇداپىئە كۆنلىگى ئىدى. ئانام بىچارە مېنى باغرىغا مەهكەم بېسىۋالاتتى - دە، ئاتامنىڭ ئۇرۇشىغا زادىلا يول قويمايتتى. ماڭا تېگىدىغان تاياق كوپۈنچە ئانامنىڭ قول - پۇتى ۋە بەدەنلىرىگە تېگەتتى. شۇنىڭ بىلەن دادام نائىلاج ئازراق بوشۇشاتتىدە، مېنى "خەپ" لەپ غودۇڭشىغان هالدا بېرىپ ئۆز ئىشىغا تۇتۇش قىلاتتى. ماڭا تېگىشلىك جازاغا شېرىك بولغان ئانام تاياق تېگىپ كوكۇرۇپ كەتكەن قول ۋە بەدەنلىرىنى ماڭا كورسۇتۇپ:

— قارا، ئەگەر مۇشۇ تاياق ساڭا تەككەن بولسا، قانداقمۇ قىلاتتىڭ؟ داداڭنىڭ ئاچچىقى يامانلىقىنى بىلمەسەن. ئۇبدان بالام، كەپسىزلىك قىلمىغىن، ماقۇلمۇ؟ - دەپ باشلىرىمنى سىلايتتى. ئۇنىڭ مېهرىۋانلىق ۋە تەلەپچانلىقى بىلەن مولدۇرلەپ تۇرغان كوزلىرىگە نەزىرىم چۈشكەندە ۋۇجۇدۇمغا بىر ئىللىق هارارەت تارقاپ، جىسمىم ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك يۇۋاشلاپ قالاتتىم - دە، ئادەتتىكى تىنىمسىز شوخلۇقلۇرۇم بىر پەس قاياققىدۇر غايىپ بولاتتى ... شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك، ئانام مېنىڭ نەزىرىمدە مېهرىۋانلىق، ياخشىلىقنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ تۇيۇلاتتى. دادام بولسا ئاچچىقى يامان، رەهىمسىز، سۈرلۈك كورۇنۇپ، ئانام بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ ماڭا ئانچە ئامراق ئەمەس دەپ ئويلايتتىم. لېكىن شۇ ئارىدا يۈز بەرگەن كىچىككىنە بىر ۋەقە مېنىڭ ئاتام توغرىسىدىكى قارىشىمنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى.

كۆز كۆنلىرىنىڭ بىرىدە دادام قىشلىق ئوتۇن غەملىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشتى. مەهەللىنىڭ يۇقارقى تەرىپىدىكى بىزگە قاراشلىق بىر ئېتىز يەرنىڭ قىرىدا بەكمۇ يوغان بىر تۈپ جىگدە دەرىخى بار ئىدى. ئۇنى كەسمەكچى بولۇپ ئېتىزلىققا باردۇق. ئاكام دادامغا ياردەملىشىپ، كەتمەن بىلەن جىگدە دەرىخىنىڭ ئاستىنى كولاشقا باشلىدى. ئېچىلغان يىلتىزلارنى كەكە ۋە پالتا بىلەن كېسىپ، كولانغان تۈپىنىڭ ئۈستىگە تاشلايتتى. ئۇنى مەن ئۇدۇللۇق تىرىۋېلىش بىلەن، بىر چەتكە ئاپىرىپ دۆۋىلەيتتىم. جىگدە دەرىخىنىڭ ئەتراپىدا يوغان بىر ئازگال هاسىل بولۇپ، يان تەرەپكە ئۇسكەن يىلتىزلار كېسىلىپ تۈگىدى. ئاكام دۆۋىلەنگەن تۈپىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىككى قولى بىلەن جىگدە دەرىخىنى كۈچەپ ئىتتەرگەن ئىدى، شاخلىرىنىڭ سىلكىنىشى بىلەن چىلاندەك قىزىرىپ پىشقان جىگدىلەر تۇرۇكلاپ تۆكۈلۈپ، دەرەخنىڭ غولى بىر تەرەپكە ئازراق قىڭغىيىپ قالدى.

— ئاۋارە بولما، ئوغلۇم، — دىدى دادام بەلۋىغىنىڭ ئۇچى بىلەن پىشانە تەرىنى سۈرتۈپ، ھاسىرىغان ھالدا، — كۈچۈڭنى بىكارلا ئىسراپ قىلىسەن. ئىتتەرسەڭ ئۇياق – بۇياققا لىڭشىپ تۇرغىنى بىلەن، ئاسانلىقچە يىقىلمايدۇ تېخى، ئاستىدا بۇنى تۇتۇپ تۇرغان چوڭ ئوق يىلتىزى بار. شۇنى كەسكەندىلا، ئاندىن بۇنىڭ ئىشى پۈتىدۇ. كەل، ئاستىنى يەنە بىر ئاز كولايلى...

دادام بىلەن ئاكام يەنە ئىشقا كىرىشتى، مەن شۇنىڭچە بولغان ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ تۇپا ئۈستىدە چېچىلىپ ياتقان جىگدىلەرنى يىغىۋالماقچى بولدۇم – دە، ئۆزۈمنى ئۇنۇتقان ھالدا ئېتىكىمگە تىرىشكە باشلىدىم.

كۈچەپ ئۇرۇلغان پالتىنىڭ زەربىدىن خۇددى تومۇر ئارقان ئۈزۈلگەندەك پاراسلىغان بىر ئاۋاز چىقتى – دە، دادامنىڭ «قاچ!...» دىگەن ۋاقىرىشى بىلەن تەڭلا، بىر چۆچۈپ، تۇپا ئۈستىدىن پەسكە ئېتىلدىم. قارسىلداپ يىقىلغان جىگدە دەرىخىنىڭ تىكەنلىك شاخلىرى سان – ساناقسىز قامچىلاردەك يۈز ۋە بەدەنلىرىمگە ئۇرۇلۇپ، مېنى يەرگە يېقىتىۋەتتى. بۇ كۈتۈلمىگەن دەھشەتتىن ئاران ئۆزۈمگە كېلىپ ئورنۇمدىن تۇرغان ئىدىم، ئاكامنىڭ:

— دادا!... — دادا!... — دەپ ئېچىنىشلىق ئاۋازدا ۋاقىراپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەسلەپتە نىمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمىدىم. ئوبدانراق زەڭ سېلىپ قارىغىنىمدىن كېيىن، دادامنىڭ بىر پۇتى جىگدە دەرىخىنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ دەھشەتتىن يۈرۈكۈم توختاپ قالغاندەك، تۇرغان ئورنۇمدا قېتىپلا قالدىم.

— تېز يۈگەر، ئانامغا خەۋەر قىل! — دىدى ئاكام يىغا ئارىلاش ئۈزۈلۈپ چىققان تىترەك ئاۋازدا، ئۇ يەنە ئىككى قولىدا توپىلارنى ئاتىلاپ، دادام بىلەن ھەپىلىشىشكە باشلىدى. مەن يىغلىغان پېتى ئۆي تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم.

قورقۇشتىن ئەس – ھوشۇمنى يوقۇتۇپ، جىگدە شېخى تىتىۋەتكەن يۈز، بەدەنلىرىمدىن قان ئېقىۋاتقان ھالدا يىغلاپ كىرىۋاتقانلىقىمنى كۆرگەن ئانام بەك قورقۇپ كەتتى ۋە مېنىڭ باش – ئاخىرى يوق گەپلىرىمدىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ، خوشنىلارنى ياردەمگە چاقىردى.

دادامنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كېلىشتى. ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، ھۇشسىز ھالەتتە يېتىپ، ئاغرىق ئازاۋىدىن چىشلىرىنى كاراسلىتىپ بوغۇق ئاۋازدا ئىڭرايتتى. ئۆيگە خۇلۇم – خوشنىلار تولۇپ كەتتى. موي سىپىتلار دادامنىڭ پۇتىنى سۇنغان دەپ جەزىم قىلىشىپ، تېڭىقچىغا ئادەم ئەۋەتتى.

ئاكامنىڭ كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا، مەن بۇ ۋەقەنىڭ قانداقچە سادىر بولغانلىقىنى بىلدىم. مەن شاختىن تۆكۈلگەن جىگدىلەرنى تىرىپ يۈرگەندە، ئاكام قېرى جىگدە دەرىخىنىڭ ئوق يىلتىزىنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا كۈچەپ بىر پالتا ئۇرغان ئىكەن، دەرەخ ئۆز سالماقى بىلەن تۇيۇقسىزلا مەن تەرەپكە يىقىلىشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ تەمتىرەپ قالغان دادام ماڭا «قاچ!» دەپ ۋاقىرىغان پېتى يىقىلىۋاتقان دەرەخنى قۇچاغلاپ، ئىختىيارسىز ھالدا

بىر پۇتىنى ئۇنىڭ ئاستىغا توغرا قويۇش بىلەن تىرەپ تۇرىۋالماقچى بولغان ئىكەن، بەختكە قارشى پۇتى بوش توپىدا سىرىلىپ كىتىپتۇ - دە، دەرەخ ئاستىدا بېسىلىپ قېلىپ، سوڭەكلىرى پەقىش - پەقىش بولۇپ كىتىپتۇ...

بۇنى ئاڭلىغان بەزى كىشىلەر:

— شۇنداقمۇ قارامىلىق قىلامدىغان؟ — دەپ، دادامنى ئەيىپلىدى. بەزىلەر ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك:

— ھەممە گەپ مۇشۇ بالىنىڭ كەپسىزلىكىدە! — دەپ، گۇنانى ماڭا ئارتىشتى. بۇنىڭسىزمۇ قورقۇش ئىچىدە تىترەپ، ئۆزۈمنى ئارانلا بېسىپ تۇراتتىم. شۇڭا ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۆزۈمنى توختىتىۋالالماي، ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتىم.

— يىغلىما بالام، — دېدى مويسىپىتلاردىن بىرى مېنى بەزلەپ، — كىلىشمەسلىك كىلەي دىسە، ئۇنى ھېچكىم توسىۋالالمايدۇ. شۇڭا بۇ ئىشتا ھېچكىم ئەيىپلىك ئەمەس، سۇنۇق دىگەن ياخشىلاپ تېڭىلسا، ئىنشائاللا، پات ئارىدا ساقىيىپ كېتىدۇ!...

شۇ ئارىدا تېڭىقچى يېتىپ كەلدى. ئاتامنى ئۆگدىسىغا ياتقۇزۇپ، بىر نەچچە كىشى ئۇنىڭ بېشى ۋە قول - پۇتلىرىنى مەھكەم بېسىپ تۇرۇشتى. تېڭىقچى سۇنغان پۇتىنى بىر پەس ئاۋايلاپ سىلاپ كورگەندىن كىيىن، تۇيۇقسىزلا خۇددى ھول ياغاچنى ئېگىۋاتقانغا ئوخشاش كۇچەپ قايرىغان ئىدى، دادامنىڭ ئېچىنىشلىق نالە - پەريادى پۇت سوڭەكلىرىنىڭ غاراسلىغان ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى...

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتتى. لېكىن دادامنىڭ نالە - پەريادى بىردەممۇ توختىمىدى. بەزىدە ئازراق تىنچىلىنىپ قالغاندەك بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي كوزى ئوچۇق ھالەتتە يېتىپ چۈشۈنۈكسىز بىر نىمىلەرنى دەپ جۆيلۈشكە باشلايتتى. بۇنداق چاغلاردا مەن قاتتىغراق تىنىشتىنمۇ قورقۇپ، ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كىرىپ ئولتۇرىۋالاتتىم. دادامنىڭ مۇشۇنداق ئازاپ چېكىشىگە سەۋەپچى بولغانلىقىمنى ئويلاپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى گۇناكار ھىس قىلاتتىم ۋە: «بۇ - مېنىڭ مۇندىن بۇرۇنقى سادىر قىلغان گۇنالىرىم ئىچىدە ئەڭ چوڭى. شۇڭا بۇ قېتىم ماڭا بېرىلىدىغان جازا ئۆتكەن ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن ئېغىرراق بولىدۇ» دەپ ئويلاپ، خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ئەدىۋەمنى يەيدىغان چاغنىڭ كىلىشىنى كۈتەتتىم...

بىر قېلىپتا ئىڭراپ ياتقان دادامنىڭ ئالاڭغىرىغان كوزلىرى ماڭا چۈشتى - دە، ھالسىز ئاۋاز بىلەن پىچىرلاپ:

— بېرى كەل! — دېدى.

بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇنى قۇيىۋەتكەندەك قاتتىق ئەندىكىشتىن تىترەپ، چىشلىرىم كاراسلاپ كەتتى. «مانا، ئەمدى ئەدىۋىمنى بېرىدىغان بولدى!» دىگەن خىيال بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇشقىمۇ چامىم يەتمەي، كىگىز ئۈستىدە تىزىم بىلەن سۇرۇلۇپ ئاستا - ئاستا دادامنىڭ قېشىغا يېقىنلاشتىم. ئۇنىڭغا قاراشتىن قورقۇپ كوزلىرىمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم. لېكىن كۈتكۈنەمنىڭ ئەكسىچە ياكى قولىغىم سوزۇلمىدى ياكى يۈزۈمگە بىرەر شاپىلاق ئۇرۇلمىدى. بەلكى دادام شۇنداق قىلىشقا تەييارلىنىۋاتسا كېرەك، ئەتىمالىم...

بىردىنلا تىترەپ تۇرغان يىرىك بارماقلار بېشىمنى سىلاۋاتقاندەك بولدى - دە، دادامنىڭ ئىسسىق تىنىقى بىلەن يىرىك ساقال - بۇرۇتلىرى يۈزۈمگە ئۇرۇلۇپ، ئىسسىق ياش تامچىلىرى يۈزۈمگە ئېقىپ چۈشتى. تومۇرلىرىدا قان ئورنىغا ئوت يالقۇنى ئاققاندەك بىر

پەستىلا پۈتۈن بەدىنىم تەرلەپ، ئۇيقەم ئۇرۇلۇپ، قاتتىق بىر نەرسە تامىقىمغا كەپلىشىپ قالغاندەك تىنالماي قالدىم. بىر پەستىن كېيىن خۇددى بۇلاقنىڭ كۆزىگە قاپلاغلىق تاشنى ئېلىۋەتكەندەك، ئىچىمدىن قاتتىق يىغا ئېتىلىپ چىقتى ... شۇ تۇرقى قۇلاقلىرىمنى سوزۇپ يۇلىۋالسىمۇ، ياكى تاياق بىلەن بەدەنلىرىم تىتىلىپ كەتكىدەك ئۇرغان بولسىمۇ بۇنچىلىك يىغلىمىغان بولاتتىم! ... يۈزۈمنى دادامنىڭ كۆكسىگە بارغانسېرى چىڭ يېقىپ، ئۇنىڭغا مەھكەم چاپلىشىۋالدىم. قۇلىقىمغا گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرەك ئاۋازى ئېنىق ئاڭلاندى. لېكىن بۇ ئاتامنىڭ يۈرەك سوقىشىمۇ، ياكى ئۆز يۈرىكىمنىڭ سوقىشىدىن چىقىۋاتقان ئاۋازمۇ، بۇنى پەرق ئېتەلمىدىم ...

— ھېچۋەقەسى يوق، يىغلىما، ئوغلۇم! ھەر نېمە بولسا، ساڭا خىيىم - خەتەر يېتىشتىن خۇدا ساقلىدى. سۇنۇق دىگەننىڭ كارى چاغلىق. يەنە بىر نەچچە كۈن ئۆتسە، سەللىمازا ساقىيىپ كېتىسەن، — دەپ ماڭا تەسەللى بەردى دادام. شۇ تاپتا ئۇ گويا مېنىڭ بالىلىق قەلبىمدە نېمىلەرنىڭ كېزىۋاتقانلىقىنى تامامەن چۈشۈنۈپ ۋە كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىدى. ئاتا مېھرىنىڭ نېمىلىكىنى ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئەنە شۇ كۈنى بىلىپ يەتتىم.

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي دادام ساقىيىپ، يەنە ئۆز ئىشىغا كىرىشتى. لېكىن ئۆتكەننى ئەسلىتىپ، يول يۈرگەندە بىر پۇتىنى سۆرەپ ماڭاتتى. مەن ئۆيدە يېتىپ تۇرۇپمۇ، سىرتتىكى ئاياق ئاۋازىدىنلا دادامنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالاتتىم. شۇ ھادىسىدىن كېيىن يارا - يارا تەلۋىلەرچە بەڭۋاشلىقىم سۇنۇپ، باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالدىم. ئەمدى نەزىرىمدە داداممۇ خۇددى ئانامغا ئوخشاشلا ماڭا مېھرىۋان ھەم كويۇمچان ئىدى. شۇڭا: „مۇندىن كېيىن ئاتا - ئانامنى رەنجىتىدىغان قىلىقلارنى ھەرگىزمۇ قىلمايمەن" دىگەن قەتئىي نىيەتكە كەلدىم.

يىللار ئۆتۈپ، مانا ئەمدى ئۆزۈممۇ بىر نەچچە بالىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالدىم. پەرزەنتلىرىمنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىم ۋە ئۇلارغا ئامراقلىقىمنى ئويلاپ، ئاتا مېھرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم. شۇڭا مەرھۇم ئاتامنى ئەسلەپ، ۋىجدان ئالدىدا ئۆزۈمگە مۇنداق بىر سوئالنى قويىمەن:

— مەن پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى ئورۇنداپ، ئاتامنى رازى قىلالىدىممۇ؟!

# شېئىرلار

مۇختەر ياقۇپ

## ئىجات كۆكىدە

تۈن كېچىدە كىرپىك قاقماي ئولتۇرۇش،
بولۇپ قالدى زەپ كۆڭۈللۈك ئادىتىم.
يېڭى شېئىر پۈتسە ئويناپ يۈرىگىم،
گويا مەڭگەز ئۆسەر كۈندە قامىتىم.

تەپەككۇردىن كەلسە زەرسوز كارۋىنى،
تىزار قەلەم قۇرغا، ئاغزىم مىتىلداپ.
تاپالمىسا بىرەرسى ئۆز ئورنىنى،
يۈرۈكۈم "پىژ" قىلار ئىچىم تىتىلداپ.

ئالدىمدىكى شام چىراقنىڭ خۇشتارى —
پەرۋانىلار گاھى قونار بېشىمغا.
ئۇچىشار تېز، يازغىنىمنى ئوقۇسام،
ئاۋازىمنى چىقىرىپ زىل تېشىمغا.

پۈتسە شېئىر،
گۈل دەستە دەپ تۈزۈلسە،
ھىساپلايمەن "ئىجادىمدىن قەترە" دەپ.
شاتلىنىمەن قىسسا خەلقىم ئارزۇلاپ،
"چىرايلىق گۈل ئىكەن ھىدى ئەترە" دەپ.

× ×

كۆرگەنىمدەك دوستۇم ئىجات كۆلىدە،
دولقۇن يېرىپ ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىنى.
شۇ كېمىدەك ئۈزۈپ مەنمۇ زەر سۈزۈپ،
تاپماقچىمەن ھاياتقا باش تېمىنى.

1981 ـ يىل، ئىيول

مارالۋېشى

# ياش ھەۋەسكار

## دوستۇم، ئىلتىپات

دوستۇم، ئىلتىپات،
قىنى سوز ئاچاي،
بىراق تاپقىنىم بىر ئىككى ئىبغىز.
چۈنكى كوپ ھەسەل يىسەڭ زاڭ تېتار،
ئازنىڭ تەمى بار قايماقتىن لەزىز.

ئايان،
ئەپكىتەر ئەجەل بىر كۈنى،
ئاپپاق ئەلەملىك ئەترەت قوينىغا.
شەرتىڭ توشقىچە كۆلۈپ كوپ قىتىم،
گىرە سالىسەن بەخت بوينىغا.

لېكىن بۇ ھايات ئۇنداق گول ئەمەس،
تازىم قىلدورار سېنى مانانغا ①
ھۇشۇڭ تاپىساڭ كوپتۇر تارتۇغى،
ئەخلەت بولىسەن ئوخشاپ سامانغا.

كىتەر قاپىغىڭ بەزەن ساڭگىلاپ،
بولار ئالغۇدەك يولەپ باراڭغا.
يىغلاپ زارلىساڭ باقماس تاش يۈرەك ـ
تەقدىر، تۇز بىسىپ ئاچچىق ياراڭغا.

تەقدىر دىگىنىم ئىلاھى ئەمەس،
ئەركىڭ ئۆزەڭنىڭ، چىڭ تۇت قولۇڭدا.
چىڭ تۇت،
ئۈمىدىڭ كۆلەر،
تاغ ـ داۋان
داڭگال بىلىنىپ ماڭغان يولۇڭدا.

1981 ـ يىل، ئىيون

مارالۋېشى

## بار

گۇلۇستان قاتلىرى ئىچرە قوياشلىق لەيلىزارىم بار،
ئەبەتلىك پەيزىنى سۈرگەن بەختلىك گۈل باھارىم بار.

باھاردا ياشنىغان، كۆلگەن گۈزەل مەكتەپتە ـ باغچامدا،
جاھاندا تاللىغان سۆيگەن بىلىم گۈل غۇنچە يارىم بار.

ۋەتەن باغرىغا ئەجرىدىن ھالال تەر ئاققۇزۇپ ھەر چاغ،
ئىلىم ـ پەن كانىدىن نۇرلۇق گوھەر ـ ياقۇت قازارىم بار.

گۈزەل ياشلىقتا پەلەۋاندەك كۆنۈمدە يورغا يىللارنىڭ ـ
يۈكىنى دەس كوتەرمەككە تىيانشاندەك مادارىم بار.

---

① مانان ـ قوڭۇشنىڭ پوپىكى.

يېڭى دەۋرىم ئاتا قىلغان گويا ئالماس قەلەم بىرلە ،
ۋەتەن شاتلىقىنى كۈيلەپ قوشاق ـ داستان يازارىم بار .

مۇقەددەس ھور كۈلۈستانىم سېنى گۈللەشكە ـ قوغداشقا ،
ھاياتىمنى پىدا ئەيلەش يېگىتلىك دىل قارارىم بار .

## بولدۇم

بۈگۈندىن يەن ـ بىلىمگە مەن بولەكتىن خۇش باقار بولدۇم ،
ئۈنى دىلبەر تۇتۇپ ئوتلۇق يۈرەككە چىلك ياقار بولدۇم .

تېتىپ كورسەم لەزىز ـ شەرۋەتلىكى قەلبىمنى لال قىلغاچ ،
كويۇپ ئىشقى پىراقىدا گويا شامدەك ئاقار بولدۇم .

سۆرۈپ شۇ يار بىلەن جانان ئومۇرنىڭ پەيزىنى شارمان ،
گۈزەل ئىقبالسىرى تۇلپار كەبى ئوقتەك چاپار بولدۇم .

ئىجات قىلماقنى پەخرىم ، شان ـ شەرەپ ئەيلەپ ، قىلىپ مېھنەت ،
ئىلىم ـ پەن كانىدىن نۇرلۇق گوھەر ـ ياقۇت قازار بولدۇم .

يېتىپ مە قسەتلىرىمگە ھور ۋەتەنىمنىڭ كوكسىگە ئومرۇم ـ
بېغىدىن ئۈز ئېچىلغان ئەترە ـ ھىدلىق گۈل تاقار بولدۇم .

# شېئىرلار

زاھىر ئابدىراخمان

## ئالىم

(مۇۋەششەھ)

ئۇلۇغلۇق بابىدىن بەتلەر ئاچار بولسام نەكەر ئالىم ،
دىگەيمەن ئىلمۇ ـ پەن ئاسمانىدا نۇرلۇق ھۆكەر ئالىم .

سىيادەك قاپ ـ قارا ساچىڭ بۈگۈن باقسام كۈمۈس يەڭلىغ ،
چىناردەك قامىتىڭ خۇددى تۇرار ، تىك شۇ قەدەر ئالىم .

تىكەر بولسام كوزۇمنى مەن ھاياجان ئىچرە قەددىڭگە،
بۈيۈك تەگرى تېغى شۇندا كوز ئالدىمغا كېلەر ئالىم.

ئاقارغان چاچلىرىڭ رەڭداش ئۇنىڭ ئۇستىدىكى قارغا،
ئەمەستۇر لاپ ۋە ھەم ئوخشاش دىسەم قەددىڭنى گەر ئالىم.

زەپەردىن تاجلەرتاقتىـڭ شۇ تەگرى تاغىغا ھەيۋەت،
ئاڭا شاھىت پېشانەڭدىن توكۇلگەن ئۇنچە تەر ئالىم.

ئىلىم ـ پەن يولىدا چاقنار ئىجادىڭ ئىزلىرى نۇرلۇق،
ئۇلۇغ ئەجداتىمىز روھى ئۇ بىرلە شات كۇلەر ئالىم.

مۇبارەك ! ئىتىقادىمدىن ساڭا گۇلدەستىلەر تۇتتۇم ،
ئاياندۇر ماڭا بۇ يولدا ئىجادىڭ قەدرى زەر ئالىم.

## ... غا

قارامتۇل بولسىمۇ چېھرىڭ لېكىن كوڭلۇڭنى ئاق دەيتتىم،(1)
ئەگەر سەندىن جۇدا بولسام ئوتەرمەن مەڭگۇ تاق دەيتتىم.

ھارارەتلىك ئىشق بىرلە لىۋىڭدىن غۇنچە ئۈزگەندە،
سېنى سۆيگۇ بېغى ئىچرە چېچىلغان خۇشپۇراق دەيتتىم.

ئەقىدە بىرلە مەڭگۇلۇك ۋاپادىن ۋەدىـلەر قىلساڭ،
دىلىم ياپراپ ماڭا ئەمدى بەخت ئاچتى قۇچاق دەيتتىم.

"سېنىڭدىن ئوزگە دىلداردىن نە لەززەت تاپىدۇ ياشلىـق،
شۇڭا ياڭرايدۇ سەن بولغاچ ساتارىمدىن " ئوشاق " دەيتتىم.

بىراق ئۇلگە قىلىپ كونگەن ئىككەنسەن شۇ كېپىنەكنى،
ئەۋەل بىلسەم ئىدىم، سېنىڭ دىلىڭنى جىن چىراق دەيتتىم.

ۋاپاسىز ۋەدىلەر دىلغا شىپاسىز دەرتنى جا قىلغاچ،
پۇشايمان تېغىدىن دىلنىڭ ئەمەس ھېچ نەرى ساق دەيتتىم.

بۈگۈن بىلسەم گۈزەل جانان يۈرەرمىشسەن خېرىدارسىز،
يولۇقتۇرسام شۇتاپ " بايقۇش يولۇڭ ئەمدى قاياق ؟ " دەيتتىم.

(1) بۇ مىسرا تاھىر تالىپقا تەقلىت .

## چۈش

چۈلغۈۋاپتۇ ۋۇجۇدۇمنى بىر ئىللىق سىزىم،
تۈن نىسپىدە ئۇيقۇدىن مەن ئويغانسام چۆچۈپ.
هاياجانلىق هىسلار ئاپتۇ قەلبىمنى قوچۇپ،
هەمدە ئۇتلۇق نەپەسلەردىن قىزارغان بەتىم.
شۇنچە شىرىن ، شۇنچە گۈزەل،شۇنچە بىغۇبار،
ئاه، مەن يەنە ئەشۇ چۈشنى كورسەم بىرقېتىم.

كوك يۈزىگە چېچىلغاندا يارقىن گۈل ـچېچەك،
بۇلۇت يېرىپ تولۇن ئايمۇ چىققان سەيلىگە.
مەنمۇ كەلگەن ئىدىم يېرىپ كوڭلۇم ھەيلىگە،
سېغىنىشىنىڭ يالقۇنىدا ئورتىنىپ يۈرەك.
بەجايىكى بىر موجىزات: بولدى يار پەيدا،
كوز ئالدىمدا نۇرلار چېچىپ تۈن پەرىسىدەك.

بىر تەبەسسۇم ئېچىرە كېلەر ئىدى ئۇ لەرزان،
شوخ شامالدا تەۋرەنگەندەك مەجنۇنتال گويا.
شەهلا كوزى خۇددى تىغدۇر، كىرپىكى ئوقيا،
ئاشىغىدىن تەلەپ قىلار ئىدى شۇندا جان.
بولسا شۇنداق ۋىسال پەيتى ئۇچۇن جان پىدا،
هاياتلىقتا قالار ئۇندىن ئوزگە نە ئارمان!؟

چولدە سۇغا يەتكىنىدەك چاڭقىغان كارۋان،
ئىچتۇق ۋىسال جامىغا لىق شاراپ تولدۇرۇپ.
ئىشقىمىزنى توكتۇق شۇنچە يېقىن ئولتۇرۇپ،
ئاه، سويگۇمىز نەقەدەر پاك، نەقەدەر پىنهان!
دىگۇڭ كېلەر شۇندا ئۇنتۇپ تەڭسىز جاهاننى،
هاياتلىقتا بولسا ۋىسال، بولمىسا هىجران...

مەن ئويغاندىم، يۈرىگىمدە هاياجان بىراق،
يۈتمىگەن هەم لەۋلىرىمدە يارنىڭ لەۋ ئىزى.
پارلاپ گويا كوز ئالدىمدا ۋىسال كۈندۈزى،
بىر پەس غايىپ بولدى دىلدىن مۇڭ بىلەن پىراق.
ئاه، مەن يەنە ئەشۇ چۈشنى كورسەم بىرقېتىم،
قايناق سويگۇ بولىغا چۆمۈلسەم ئۇزاق.

## شېئىرلار

ياسىن ئىسمايىل

### خانتەڭرى

تۈرسەن هەيۋەتلىك خانتەڭرى،
مەغرۇرانە قەددىڭنى تىك تۇتۇپ.
مەن ساڭا قارايمەن تويماستىن،
يۈرەكتە هىسلىرىم ئۇلغۇيۇپ.

ئەجەپمۇ ياراشقان ئۈستىڭگە،
گۈزەللىك تاجىسى ئاپپاق قار.
ئۈنىڭدىن ئەكس ئېتىپ تارالغان،
زۇمرەت نۇر شۇنچىلىك جىلۋىدار.

www.uyghurkitap.com



باغرىڭدىن خۇشپۇراق تارقىتار،
ھەرخىل گۈل، ئارچا ھەم قارىغاي.
شۇڭلاشقا ئۇلۇغلاپ شەنىڭنى،
قۇشلار جىم تۇرالماس سايرىماي

ساڭا كار قىلالماي يېڭىلدى،
ئەسىرلەر دەھشىتى ــ كۈلپىتى.
كۈرەشنىڭ شىددەتلىك چاغلىرى،
ئەمەسمۇ باتۇرنىڭ راھىتى؟!

سەندىكى تەڭداشسىز كۈچ ــ قۇۋۋەت،
كۆچەيدى بارغانچە ئۇلغۇيۇپ .
ئۈستىڭنى ياپقان قارىيەنىمۇ،
گۈزەللىك تاراتتى نۇرلۇنۇپ.

شۇڭلاشقا دەيمەن تىلەك قەددىڭنى،
مەردانە ياشاشنىڭ ئۈلگىسى.
ئۈستىڭنى ئورىۋغان ئاپپاق قار،
پاكلىقنىڭ ــ غۇرۇرنىڭ بەلگىسى.

سېنى چىن ئۈلگە قىپ ياشىدىم،
مۇشكۈلگە قىلچىمۇ باش ئەگمەي.
ھەر كۈنىم ئۆتمەكتە شۇنچە پاك،
ۋىژدانىم بېتىگە داغ تەگمەي.

ياشايمەن سەندەك پاك، مەردانە،
كوز يۇمۇپ كىرگىچە قەۋرەمگە.
سەندىكى ئۇلۇغۋار خىسلەتنى،
سىڭدۈرۈپ ئۆتمەن نەۋرەمگە.

## ئۈچ ئاتنىڭ هارۋا تارتىشى

(مەسەل)

ئات هارۋىسى يول ئۈستىدە كېتىپ بېرىپ،
توساتتىنلا بىر ئازگالغا قاپتۇ پېتىپ.
ئاتلار ئۇنى چىقارماقچى بولۇشۇپتۇ،
بۇ توغرىدا كېڭەش ــ سوھبەت قۇرۇشۇپتۇ.
ئالدىدىكى بىر ئات دەپتۇ: "تارتساق سولغا،
چىقار هارۋا بىر دەمدىلا تۈپ ــ تۈز يولغا."
دەپتۇ بىرسى: "بۇ پىلانىڭ تۈپتىن خاتا،
ئۇ تەرەپكە تارتقان بىلەن چىقماس هارۋا.
شۇنىڭ ئۈچۈن تارتساق ياخشى ئوڭ تەرەپكە،
شۇندا بىزلەر ئېرىشىمىز شان ــ شەرەپكە."
بۇنى ئاڭلاپ شوتىدىكى چوڭ ئات قوپۇپ،
ئالدىدىكى ئىككى ئاتقا قاراپ تۇرۇپ،
دەپتۇ: "خاتا ئىككىلەڭلارنىڭ ئېيتقان سوزى،
ئۇدۇلغا تارتساق چىقار هارۋا ئوزى..."

تالاش ــ تارتىش بېسىقماپتۇ ئۇزۇنغىچە،
سوز ئوينۇتۇپ ئۈچ ئات ئوزى بىلگىنىچە.
بىر ــ بىرىنىڭ سوزلىرىنى ئويلىماپتۇ،
ئۈچىلىسى ئوز سوزىدە چىڭ تۇرۇپتۇ.
ھەر قايسىسى ئوزىنى دانا چاغلىشىپتۇ،
هارۋىنىمۇ ئۈچ تەرەپكە تارتىشىپتۇ،
ئۈچ ئات كۈچى ھەر تەرەپكە چېچىلىپتۇ،
ئالدىدىكى ئاتلار كۆچەپ يىقىلىپتۇ.
شوتىدىكى ئاتنىڭ ئىشى ئوندىن ئېغىر،
تارتىۋېرىپ بويۇنلىرى بوپتۇ يېغىر.
كۈچ بىرلىككە كەلمىگەچكە ئۇنۇم بولماي،
ئېغىر هارۋا تۇرۇپتۇ جىم مىدىرلىماي.
چىقىرىپتۇ هارۋىنىمۇ ئاخىر كاردىن،
ئوزلىرىمۇ قېلىشىپتۇ كۈچ ــ مادىردىن.

## سۇچى يىگىت لىرىكىسى

كەڭ ۋادىغا كۈمۈش نۇرنى سېپىدۇ،
كوكتىكى ئاي كۈلۈمسىرەپ ـ پاقىراپ.
تەبىئەتنىڭ جىمىلغىنى بۇزىدۇ،
پاقا بىلەن چېكەتكىلەر كۈكىراپ.

گۈزەل ئايدىڭ كېچىلەردە سۇ تۇتسام،
بىلمىدىم ماڭا تويدەك كوڭۈللۈك.
ئىشلىرىمدىن يار كوڭلىنى شات قىلسام،
بىرەر ماڭا يۈرىگىمنى ئۈمۈرلۈك.

مەن ماڭىمەن ئېتىزلارنى ئارىلاپ،
قولدا كەتمەن، نەزەر سېلىپ قىرلارغا.
ئاي كەينىدە يۇلتۇزلارمۇ مارىلاپ،
نازلىق قىزدەك زوق بېرىدۇ دىللارغا.

ئوتەر كۈنۈم ئارزۇ بىلەن شاتلىقتا،
ئېتىزلارنى زىلال سۇدا سۇغۇرۇپ.
هوسۇل ئالسا يېزام پاختا ـ ئاشلىقتا،
ئېچىلىدۇ بەختىم گويا گۈل بولۇپ.

## شېئىر توغرىسىدا

شېئىر يېزىش هەۋەسكە،
قىلىدىغان ئىش ئەمەس.
ياكى ئۇنى قېلىپتىن،
توكىدىغان خىش ئەمەس.

مەۋقەسى يوق كىشىگە،
شېئىر يېقىن كەلمەيدۇ.
چۈنكى ئۇنداق كىشىلەر،
ئەلگە پايدا بەرمەيدۇ.

ئۇ چىقىدۇ ئېتىلىپ،
ئوتلۇق يۈرەك ـ ۋىجداندىن.
قاچىدۇ ئۇ، مۇهەببەت ـ
نەپرىتى يوق ئىنساندىن.

شائىر قەلبى ئىنسانى،
خىسلەتلەرگە بولسا باي،
ئۇندىن ئولمەس شېئىرلار،
چىقار دائىم توختىماي.

## غەزەللەر

نىياز ئىمىن

1

بوۋام مەھمۇد مازارىڭنى كورۇپ شات يايرىدى كوڭلۇم،
جاهانچە ئىپتىخارلىقتا چۇمۇپ شات يايرىدى كوڭلۇم.

كوزۇمگە تۇتىيا قىلدىم، سېنىڭ قەۋرەڭنى ھورمەتتە،
ئۇلۇغ سۆيگۈ مۇھەببەتكە تولۇپ شات يايرىدى كوڭلۇم.

پۈتۈن جىسمىم سىماپ يەڭلىغ ئېرىپ كەتتى ھاياجاندا،
ئېچىپ ئىلھام شارابىنى تويۇپ يات يايرىدى كوڭلۇم.

قويۇپ قەۋرەڭگە گۈل دەستەمنى ھورمەت ئېھتىرام بىرلە،
شۇ گۈلنىڭ خۇشپۇراقىنى ـ پۇراپ شات يايرىدى كوڭلۇم.

پەخىرلەندىم سېنىڭ نەسلىڭ بولۇپ ئالەمگە كوزئاچقاچ،
غۇرۇرۇم ئىپخارىمدىن كۈلۈپ ـ شات يايرىدىكوڭلۇم.

2

دىلىڭدىن سۆيگۈنىڭ بولغاچ ئىلىم ـ ھىكمەت بۈگۈن ئۇستاز ،
ۋەتەن ، خەلقىم ئادا قىلدى ساڭا نۇسرەت بۈگۈن ئۇستاز .

سېنىڭ بىرلە ئېقىل تاپتى ، تۇمەنمىڭ ياش ، ئوغۇل ـ قىزلار ،
شۇڭا ھەممە قىلۇر دىلدىن سېنى ھورمەت بۈگۈن ئۇستاز .

تارالغان ئىش ئىزىڭ ھەريان "چىۋەر باغۋەن" دېگەن نامدا،
نىسىپ بولدى ساڭا چەكسىز ، شەرەپ ـ ئىززەت بۈگۈن ئۇستاز .

كېچە ـ كۈندۈز تىنىم تاپماي پۈتۈن زېھنىڭنى سەرپ ئەتكەچ ،
مائارىپ باغچىسى تاپتى ، قەدىر ـ قىممەت بۈگۈن ئۇستاز.

ئىلىم ـ پەننىڭ نۇرى بىلەن ، بوغۇنلارنى قىلىپ پەرۋىش،
يېتىشتۇرسەڭ ئانا يۇرتۇم تاپار قۇدرەت بۈگۈن ئۇستاز.

3

گۈزەل ئىلى جامالىڭنى ھەممىشە بىر كورەي دەيمەن،
توپاڭنى تۇتىيا ئەيلەپ ، كوزۇمگە مىڭ سۈرەي دەيمەن.

بوۋام سادىر ، بىلال نازىم ... كۈيىدىن كۈچ ئېلىپ چەكسىز،
ئوغۇل ـ قىز ياشلىرىڭ بىرلە ئۇسۇلغا شوخ چۈشەي دەيمەن.

قىزىل گۈلدىن لىباس كەيگەن سېنىڭ كەڭرى قۇچاغىڭدا،
خۇشال يايراپ چىمەنزارلىق بېغىڭنى بىر كېزەي دەيمەن.

AltunOq

قويۇپ گۈلدەستە ئەخمەتجان كومۇلگەن قەۋرىگە شۇ دەم،
يۈرەگىمنى قىلىپ ئىزھار، كوزۇمدىن ياش توكەي دەيمەن.

ئۇلۇغ ئەجداتلىرىم باسقان، كۈرەشنىڭ ئىزىنى بويلاپ،
قۇچۇپ شانۇ ـ زەپەر سەندە، مۇرادىمغا يېتەي دەيمەن.

# شېئىرلار

مەھەممەت ئىمىن ئەخەت

## مۇقام ھەققىدە ناخشا

«ئون ئىككى مۇقام» نى ئاڭلىسام،
ئىلھامىم تاشىدۇ بۇلۇقلاپ.
مۇقامنى ياراتقان خەلقىمنى،
ناخشامدا كۈيلەيمەن ئۇلۇغلاپ.

× ×

ئىخ مۇقام، كۈيلەرنىڭ سۇلتانى،
ئەڭ ئىسىل پەخرىسەن ئۇيغۇرنىڭ.
چېچىلار سىنەڭدىن دىللارغا،
پاك نۇسرەت نۇرلىرى غورۇرنىڭ.

ئاڭلىسام ئەجەمنى زوق بىلەن،
راك، ناۋا ئىشقىدا كويمەن.
چارىگاھ، چەبىيات ئاھاڭى-
بىرلە كەڭ جاھاننى كىزدىمەن.

مۇشاۋرەك ھەم بايان قەلبىمگە،
باتۇرلۇق تۇيغۇسىن بېرىدۇ.
پەنجىگاھ، شوخ ئوز ھال مۇقامى،
يۈرەكتە جاراڭلاپ تۇرىدۇ.

ئىشتىسەم سىگاھنى تەمبۇردىن،
ۋۇجۇدۇم تولىدۇ قوشاققا.
قەلبىمدە قوزغۇلۇپ ھاياجان،
مۇھەببەت ئۇرغۇيدۇ ئۇشاققا.

ئېخ مۇقام، چىن ئەمگەك، قان ـ تەرسەن،
ئىجاتكار ئەجداتنىڭ مېھنىتى.
كۈيلىنەر، سوزلىنەر سىنەڭدە،
گۈل يەڭلىغ ھاياتنىڭ قىممىتى.

ئاھ ! مۇقام جانلارنىڭ ھوزۇرى،
سەن ئارزۇ ئۇمىتنىڭ ئۇچىغى.
سەن ئەللەي ناخشىسى ئۇرغۇغان،
مېھرىۋان ئانىنىڭ قۇچىغى.

يوقالماي كەلدىڭسەن مۇقامىم،
قار، بوران شىددەتلىك ياغمۇردا.
دىللارغا نۇر چاچتىڭ يالقۇنلۇق،
قانِ كەبى ئوركەشلەپ تومۇردا.

ياشىدىڭ مۇقامىم جاراڭلاپ،
جاھاننى باسسىمۇ جاھالەت.
قاباھەت ئاغزىنى ئاچقاندا،
ساقلىدى سېنى پاك مۇھەببەت.

خان تەڭرى ئۈستىدىن جاراڭلاپ،
گويا كى قوياشتەك چاقنىغىن.
شۇ ئۇلۇغ يېقىملىق كۈي بىلەن،
ئەبەدى چېچەكلەپ ياشنىغىن!

× ×

قۇيغىنا شاراپنى ئامرىغىم،
مۇقامىم ئىشقىدا نۇش ئېتەي.
جەڭگىۋار كۈيۈمنى ياڭرىتىپ،
خەلقىمنى ئەبەدى خوش ئېتەي!

## بۇلاق

ئېيخ بۇلاق، بويىڭغا بارسام ھەر سەھەر،
كەچ قۇچاق ئاچسەن خوش كۈلۈپ ماڭا.
قارايمەن زوقلىنىپ تويماي مەن زىنھار،
ھەر مىنۇت بولغاچقا ھوسنۇڭگە شەيدا.

ئاقىسەن ئالتۇنتاغ، كۈمۈش جىلغىدىن،
ئەجەپمۇ يېقىملىق شىرىلداپ لەزىز.
ئانا يەر كوكسىدىن چىققاچقا پونتانلاپ،
تۈيىلار مەن ئۈچۈن سۈيىڭ بەك ئېزىز.

ئېيخ بۇلاق!
شۈزىلال سۈيۈڭ مەۋجىدە،
ئەكستەر شادىمان بەخت كۈلكىسى،
ھاياتقا توختىماي بەھرىڭ ئاقىدۇ،
قەتىرەڭدەك توكۈلەر قەلبىم سۈيگۈسى.

## ياشلىق

گۈزەل ياشلىق زىلال ئاققان بۇلاق كەبى،
يۈرەكلەردە ئۇرغۇپ تۇرغان ناخشا ئوزەڭ.
چىن پەزىلەت كانىدۇرسەن، مەزمۇنىسەن،
ھەمدە قەيسەر، كەمتەرلىككە ئاشىنا ئوزەڭ.

كورىنىسەن كوزلىرىمگە ياشلىق باھار،
شانۇ - زەپەرىڭ بەيگىسىدە تۇلپار بولۇپ.
كورىنىسەن كوزلىرىمگە ئىجادىيەت —
ئاسمانىدا پەرۋاز قىلغان شۇڭقار بولۇپ.

گۈزەل ياشلىق سەن ھاياتىڭ مۇنەۋۋىرى،
بەستىڭ سۈيگۈ ئوتى بىلەن يېنىپ تۇرغان.
نۇرغۇن ئەدىپ سېنىڭ بىلەن ئوچەس قىلىپ،
گۈل ھاياتقا قان - تەر بىلەن نەقىش ئويغان.

بىلەلمىدىم غۇنچە ياشلىق سېنى ئەجەپ،
تاڭ سەھەردە جۇلالىغا چولپانمۇ سەن؟!
بىلەلمىدىم قاراپ خۇمار كوزلىرىڭگە،
كويىۇپ تۇرغان بىر پارچە ئوت، گۈلغانمۇسەن؟!

چاقنا ياشلىق، ئوتلۇق ھايات گۈلباھارى،
يۈرۈكۈڭدە ئىجات ئوتى يالقۇنلىسۇن!
ئوركەشلىگەن نەرە تارتىپ شىجائەتتە،
ۋۇجۇدۇڭدا ۋەتەن ئىشقى دولقۇنلىسۇن!

# ۋەتەن

ھېزىم ناسىر

جان كىرەلمەس ماڭا سەنسىز جانىجانىم ئەي ۋەتەن،
سېنى گۈللەش بىرلە مەۋجۇت تەندە جانىم ئەي ۋەتەن،
سەن بىلەن تاپتىم كامالەت ئىپتىخارىم ئەي ۋەتەن،
سەن ئۆزەڭ بولغاچ يولەك كۈلدى باھارىم ئەي ۋەتەن،
ھەرنە قىلسام ساڭا مەنسۇپ غەمگۈزارىم ئەي ۋەتەن.

مەنكى ئۇستۇم قۇچىغىڭدا شات كۈلۈپ ھەم ئەركىلەپ،
سەن مېنى ئاق سۈت بېرىپ قوشتۇڭ قاتارغا پەپىلەپ،
كۈنسېرى ئاشتى يۈرەكتە ساڭا ئىشقىم ھەسسىلەپ،
سېنى قوغدايمەن رەقىپتىن جان تىكىپ مەن شۇ سەۋەپ،
سەن ئۈچۈن چەكسەم جاپا ھاسىل مۇرادىم ئەي ۋەتەن.

مىسلى جەننەت باغ ئىرۇرسەن، مەن ئاڭا بىر گۈل بولاي،
سېنى ھەر دەم كۈيلىمەككە خۇشناۋا بۇلبۇل بولاي،
ئاق سۈتۈڭنى ئاقلىماستىن مەن نىچۈك ئوغۇل بولاي،
شۇ ئۇلۇغ جەڭلەردە مەيدانلار ئارا دۇلدۇل بولاي،
ماڭا بۇ ئىش زور شەرەپ ـ شان قىبلىگاھىم ئەي ۋەتەن.

سېنى قوغداشنى رەقىپتىن ئەڭ بۈيۈك بۇرچۇم بىلەي،
كېچە ـ كۈندۈز توختىماستىن ساڭا شان ـ ئىقبال تىلەي،
شوھرىتىڭ ئالەمگە مەشھۇر مەن شۇڭا ھەر دەم كۈلەي،
گەر ساڭا قىلسام خىيانەت قان يۇتۇپ شۇدەم ئۆلەي،
پاك قەلب ۋىجدان بىلەن سۆيگەن نىگارىم ئەي ۋەتەن.

تەرىپىڭنى سوزلىسەم گەر تىللىرىمدىن بال تامار،
ساڭا سادىق يۈرىگىمدىن خۇددى يالقۇن ـ ئوت يانار،
ئەجرىمىزدىن گۈللىنىپ بولدى قوينىڭ گۈل ـ باھار،
بۇ ھايات ئۆتكەچ ئاسايىش دىلدا چەكسىز ئىپتىخار،
ئاشتى يۈكسەك چوققىلاردىن ئېتىبارىم ئەي ۋەتەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يايرىدى قوينۇڭدا دائىم مەن كۈلۈپ باشتىن ـ ئاياق،
ئارتمىدىم خورلۇق ئازاۋى، كورمىدىم دەشنام ـ تاياق،
كۈنسېرى تولدۇم ئەقىلگە شوخلىنىپ تاپتىم روناق،
تەربىيەڭ ـ رىغبەتلىرىڭ قىلدى مېنى شۇنچە ئۇماق،
دىلىغا سىغماس زور ھاياجان، ئىقتىدارىم ئەي ۋەتەن.

رەڭ تۈزۈپ باردى چىرايىم شەپقىتىڭدىن نۇرلىنىپ،
پاك تۈزۈڭ نېمەتلىرىڭدىن يۈرىكىم ھوززۇرلىنىپ،
ئوت يېنىپ تۇردى يۈرەكتە شۇڭا ھەردەم چوغلىنىپ،
جەڭگىۋار سەپكە قېتىلدىم مەن ئاجايىپ روھلىنىپ،
باشلىدىڭ ئىقبالغا دائىم ئىنتىزارىم ئەي ۋەتەن.

شۇنچە قۇدرەتكە تولارمەن گەر ساڭا كوز تاشلىسام،
مەرىپەتلىك تارىخىڭدىن بىر يېڭى قۇر باشلىسام،
ئەر يىگىت بولماي كېتەي يۇلتۇز بولۇپ نۇر چاچمىسام،
چوڭ يۈرۈش كارۋانلىرىغا مەن بېرىپ يانداشمىسام،
بۇ مېنىڭ قەلبىمدىكى يۈكسەك قارارىم ئەي ۋەتەن.

# لىرىكىلار

ئىلھامجان ئابلىز

## يول

يول ياتىدۇ ئۇزۇن سوزۇلۇپ،
ئانا يەرگە قەلبىنى يېقىپ.
ۋايىسمايدۇ سانسىز كارۋانلار،
يۈرسىمۇ گەر كوكسىدە ئېقىپ...

ئارزۇيۇم شۇ ئەشۇ يول كەبى-
ئۇلۇغ خىسلەت تاپسامكەن دەيمەن.
ئىزىز خەلقىم ئۈچۈن بەختكە،
پارلاق چوڭ يول ئاچسامكەن دەيمەن.

## شائىر شاتلىغى

مىۋە پىشىپ مەي باغلىغاندا،
باققا كىرەر ھەۋەستە كىشى.
مېۋىسىدىن شاتلىنار باغۋەن،
تاقاشقاندەك ئاسمانغا بېشى.

ھەيران قالدى شائىر گېزىتتە ـ
شاگىرتىنىڭ كورۈپ ئىسمىنى.
قۇر ئۈستىدە ئويىندى كوزى،
شاتلىق ئوراپ پۈتكۈل جىسمىنى.

ئۇ نېمىشكە خۇشال بولمىسۇن؟
قەدەم باسسا شاگىرت تۈنجى رەت.
شائىر بولسا كەلگۈسى شۇ ياش،
شاتلانمامدۇ ئۇستازى قەۋەت؟!

# نىكاھدىن ئاجرىشىش ئالدىدا

( ھىكايە )

ئەركىن ئوبۇلخەيرى

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ خەلق ئىشلىرى سوت كوللېگىيىسى بىزنىڭ ئائىلە ماجرايىمىز ئۈستىدىن ھوكۇم چىقىرىدۇ. ئۈچ ئايدىن بۇيانقى نىكاھ دەۋاسى ئاخىرى ھەل بولىدىغان پەيت يېتىپ كەلگەچكە، چۈشلۈك دەم ئېلىشنىڭ تېزراق تۈگىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتىمەن......

چۈشتىن بۇرۇن سوت كوللېگىيىسى «نىكاھ قانۇنى» دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، نىكاھدىن ئاجراشتۇرۇش ھوكۇمى چىقىرىلىشتىن بۇرۇن، بىزنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلار بويىچە كېلىشىم قىلىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، گۈلنار بىلەن ئىككىمىز توي قىلىپ ئىككى ئايدىن كېيىنلا بولەك بولۇپ چىقىپ تۇتقان ئۆيىمىزگە يەنە بىرگە قايتىپ كەلدۇق. "سوتتا پەقەت گۈلنار خېتىمنى ئالىدىغانلا بولسا، ھەرقانداق ئىقتىسادىي تەلەپكە مەن رازى" دەپ ۋەدە قىلغان ئىدىم. تالىيىم بار ئىكەن، گۈلنار ئۆيگە ئۆزىلا كەلدى. مەندىن تەلەپ قىلغىنى يەنە ئۆزىنىڭ كىيىملا بولدى. ئەجەب ــ ھە؟ بىز توي قىلىپ ئىككى يىلدىن بۇيان خەج ـ خىراجىتىمىزدىن تېجەپ سېتىۋالغان ئائىلە مۈلۈكلىرىدىن ھېچ نەرسىنى تەلەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ گۈلنارنىڭ خېتىنى بېرىشىمگە سەۋەپ بولغىنى "يىگىلانغان مۇھەببەت" بولۇپ، بۇ ئىشلارنى گۈلنار تولۇق بىلەتتى. ئۇ سوتتا بۇ ئىشلارنى تىلغا ئالغان بولسا مەن ئۈچۈن قانچىلىك ئەپسىز بولغان بولاتتى. ھە؟ ...

بۇرۇن ئۆزەمنى تالەيسىز دەپ قارايتتىم. دىيىمىسىمۇ ئەمدىلا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ۋاقتىمدا " مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى " بولۇپ ئالى مەكتەپلەرگە بارالمىدىم. ئاتا ـ ئانامنىڭ ياكى ھوقۇقى، ياكى پۇلى، ياكى "مۇناسىۋەتشۇناسلىق " ھۈنىرى بولمىغاچقا، يېزىدا ھەممىدىن ئۇزۇن چېنىقتىم...... ئەمدى قارايدىغان بولسام، ئۇنچىۋالا تالەيسىز ئەمەس ئىكەنمەن. ئانامنىڭ بالىنى يېتىم قىلمىغىن، دەپ قىلغان نەسىھىتىگە قارىماي، گۈلنارنىڭ خېتىنى بېرىپ، نۇربىيە بىلەن توي قىلىش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلە مۈلۈكلىرى تەنھا ئۆزۈمـ

www.uyghurkitap.com



گىملا قالدى. نۇربىيە بىلەن بۇ كىچىك ئائىلىمىزدە بەختىيار ياشاشقا ئاساس بار بولدى-دە ...........

چۈشتىن كېيىنكى ئىشقا چۈشۈدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. گۈلنار كىيىم- كېچەكلىرىنى قول سومكىسىغا قاچىلاپ مېڭىشقا تەرەددۇت قىلدى. مەنمۇ ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ ئەمدىلا كوچىغا چىقىشىمىزغا گۈلنار توساتتىن:

-توختاپ تۇرسىلا، بىر نەرسىنى ئۇنتۇپتىمەن-دىدىدە، قولىدىكى سومكىنى يەرگە قويۇپلا كەينىگە ياندى. مەن ئىلاجىسىز ئىشىكنى ئېچىپ بەردىم. كوڭلۇمدە «ئېھتىمال ئۆيدىن بىرەر نەرسىنى ئېلىۋالسا كېرەك» دىگەن ئەندىشىلىك ئوي بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئۆيگە كىردىم.

- گۈلنى ئاپتاپقا قويۇپ قويايلى، ئۇبدانراق ئۇسۇدۇ. هەر كۈنى ئەتىگەندە سۇ قۇيۇشنى زادىلا ئۇنتۇپ قالمىسىلا، - دىدى گۈلنار. ئۇنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى، بىر جۈپ قاپقارا كوزلىرى ئىچىدە چاقناۋاتقان نۇر تەپتىدىن تىترەۋاتاتتى. گۈلنار پەستىن دەرىزىگە ئېلىپ قويىغان بىر تەشتەك كۈندە بار گۈلى كوزۈمگە گويا بىزنىڭ نىكاھدىن ئاجرىشىشىمىزنى خالىماي، ياپراقلىرىنى سالپايتىپ ئەرتىلا قۇرۇپ كېتىدىغاندەك كورۇنۇشكە باشلىدى..... بۇ گۈلنى بىز يېڭى توي قىلغان چاغدا ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىمىز سوۋغا قىلغان ئىدى. شۇ چاغدا سۇلتان مۇئەللىم "سىلەرنىڭ مۇھەببىتىڭلارنىڭ ئومۇرۋايەت، كۈندە بار بولۇشىغا تىلەكداش بولۇپ، بۇ گۈلنى سىلەرگە سوۋغا قىلدىم" دىگەن ئىدى. بەزى گۈزەل خاتىرىلەر تۇرمۇشتا قانچىلىك قىسقا بولۇشتىن قەتئىنەزەر زادىلا ئەستىن چىقمايدۇ، دىگەن راست ئىكەن. گۈلنار بىلەن ئاجرىشىش ئالدىدا تۇرغان مۇشۇ پەيتتە، توي قىلغان چاغدىكى ئەشۇ شېرىن مىنۇتلار كوز ئالدىمغا كېلىپ، ئاجايىپ بىر خىجالەتچىلىك ئىچىگە چۈشۈپ قالدىم ............

نۇربىيە بىلەن تونۇشقان بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشتىن باشلاپ، هازىرغىچە بولغان ئۈچ ئايدىن بىرى مەن گۈلنارغا هەممە قوپاللىقلارنى قىلدىم. نۇربىيە بىلەن بولغان ئۇچرۇشۇشلىرىم قانچە كوڭۇللۇك قىلىنغانسېرى گۈلناردىن كوڭلۇم شۇنچە سوۋىغان ئىدى. گۈلنارچۇ، هىچ ئىش بولمىغاندەك شۇنچە سەۋرچانلىق قىلغان ئىدى. ئەمدى نىكاھدىن ئاجرىشىش ئالدىدا تۇرغىنىمىزدا، يەنە تېخى «كۈندە باهار» گۈلنىڭ كەلگۈسىدىن ئەنسىرەۋاتىدۇ. سوتتا گۈلنار ئۈستىدىن قىلغان شىكايەتلىرىمنىڭ نەقەدەر نومۇسلۇق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ۋۇجۇدۇم هەققانىيەت سىرتىمغىدا بوغۇلغاندەكلا بولۇشقا باشلىدىم..... ئالى جاناپ مۇھەببەت ۋە يۇكسەك غايىگە تولغان هايات ئارزۇسى مېنىڭ گۈلنارنى خارلاپ ئوز ۋەدىلىرىمگە ئاسىيلىق قىلىپ ئوتكۈزگەن خىيانەتلىك كوڭۇل هەۋەسلىرىم تۈپەيلىدىن مەڭگۈگە دەپنە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىمدا، پۈتۈن بەدىنىم بەرگىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان ياپراقتەك تىترەپ، كوز ئالدىم قاراڭغۇلۇشۇپ، ۋىجدان دېڭىزىنىڭ دەھشەتلىك دولقۇنى مېنى غەرق قىلىۋېتىدىغاندەك شۈركۈنۈپ، گۈلنارنىڭ ئويچان كوزلىرىگە يالدەم كۈتكەندەك تىكىلىپ قارىغىنىچە، قەدەمنى قايا قاتاشلاشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدىم.......؟؟

# مۇھەببەت ۋە ئەخلاق بابىدىن

(نەسىر)

يۇسۇپ ھۇسەيىن

1

«كوكۇل ـــ قۇش، ئەخلاق ـــ ئۇۋا» دەيدۇ كونىلا. ئۇۋىسىز قۇش ھامان باشقا ئۇۋىسى بار قۇشلارنىڭ ئوزىنى مۇداپىئە قىلغان ھۇجۇمىغا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. ئى تەنتەك بالا، سېنىڭ كوزلىرىڭ نىمىشكە بۇنچىلا بىسەرەمجان ۋە نىمىشكە قونىدىغان جاي تاپالمىغان قۇشتەك توختىماي لەيلەپ، مۇدۇرۇپ ھەر تەرەپكە قارايدۇ، ياكى ھەممە قىز يۇرەكلىرىنى چوقۇپ يېيىشكە بولىدىغان دان دەپ چاغلامسەن؟ بىلىپ قويغىنكى بەزى قىسماقلارغا دان قىستۇرىلىدۇ. چوقۇدۇڭمۇ، ياكى پۇتۇڭ، ياكى قانىتىڭ سۇنىدۇ.

2

سەن، ئى، ھاراقخۇمار يىگىت، دەردىڭگە چىدىماي، يىنىكلەي، خۇشال بولاي دەپ دائىم ھاراق ئىچىسەن. تۇرلۇك نەسھەتلەر سەن ئۇچۇن ئەھمىيەتسىز. دەرۋەقە ھاراق ئىچىسەن. قانچە كوپ ئىچسەڭ ۋۇجۇدۇڭدىن پارچىلىنىپ چىقىدىغان ھارارەت ـ ھىسسىيات، دىگەن ئىلىكتىرو ـ ماگىنىت ئېقىمى شۇنچە كوپ بولىدۇ. بىردەمدىلا پۇتۇن ئالەمنى كويدۇرۇپ تاشلىغىدەك بولىسەن ۋە تېخىمۇ قانمايسەن، كېيىن سولۇشۇپ ھەتتا بىر نەچچە كۇن ئىنجىقلاپ ھالسىزلىنىپ ياتىسەن. كېسەل بولۇشۇڭ ھەتتا ئولۇپ كېتىشىڭمۇ مۇمكىن. لېكىن بۇنىڭ سىرىنى ئويلىدۇڭمۇ، بۇ دەل خاتالىق ئۇستىگە خاتالىق. چۇنكى، سەن ئادەتتە تۇرلۇك ھەۋەسلەرنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئىلىكتىرو ـ ماگىنىت ئىشلىگۇچى، ئېنىرگىيەسىنى ۋە تېنىڭدىكى ئوتلۇق پوسپورتنى سەرپ قىلىپ بولۇپ، سوۋۇپ قالغان ئىدىڭ، شۇنداقتىمۇ ۋۇجۇدۇڭدا يەنە مەلۇم زاپاس ئېنىرگىيە بار ئىدى. سەن قانائەتسىزلىك بىلەن بۇ زاپاس ئېنىرگىيەنى ھەددىدىن تاشقىرى پارچىلاپ تاشلىغۇچى، ئوتنى ئىچتىڭ. نەتىجىدە تېنىڭدىكى ھۇجەيرىلەر زورۇقۇپ بارلىق ئېنىرگىيەنى سەرپ قىلدى. ئوت توختاپ ئوچكەندىن كېيىن، مەنبەسى ئۇزۇلگەن ھۇجەيرىلەر ئولدى. ئېنىرگىيە ئۇزۇلدى. سېنىڭ سانسىز ھۇجەيرىلىرىڭ ۋاقىتسىز ئولدى. سەن ئوزۇڭنى قەستەن بۇرۇن ئولتۇرۇشنى خالارمىدىڭ ؟! ئوزىنى ئولتۇرۇش بارلىق ھاياتى خاتالىقلار ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىر خاتالىق.

ھاياتنىڭ قىممىتى ئېنىرگىيە توپلاش ۋە ھاياتنىڭ ھوزۇرى ـ سەرپ قىلىش يولىنى بىلىشتە، ياخشى مۇھەببەت ئارزۇسى ساڭا ئېنىرگىيە بېرىدۇ. ياخشى ئەخلاق يولى سېنى ئۇگىتىدۇ. سەن شۇنى گۇزەتكىنكى، تىنىك ئوسكۇچى سۇۋادا ئېگىزگە تىك، تۇز ئوسكۇچى كوچ بولغانلىقى

ئۈچۈن سەل ئەگرى بولسىمۇ يەنىلا تىك، تۈز كۆتىرىلىدۇ. تىك، تۈز ئۆسكۈچى كۈچ بولمىغاندا ۋە جىسىمدىن ئىگىلگۈچى ئاجىزلىق بولغاندا ئىدى. يەردىكى بىلەككە ئوخشاش تېز چىرىپ سولۇشۇپ كەت- كەن بولاتتى. بىلگىنىكى ھەق - ئىگىلىشكە قارشى كۈچ. سېنى مەقسەتسىزلىككە ئەسىر قىلغۇچى ھادىسىلەر بېسىم بولۇپ، بۇ بېسىمغا قارشى تىك، تۈز ئۆسۈشكە ئىرادە تىكلە. ئىنسانلارغا ياخشىلىق ئار- زۇلىرىڭ بىلەن قاراشلىرىڭنى ئالداش ياكى ئاجىزلىق مەنىسىدە چۈشەنمە. يامانلىق ئۈچۈنمۇ ئىس- رادە زورۇر. ياخشىلىق ئۈچۈنمۇ ئىرادە زورۇر. بەلكى ئۇ تېخىمۇ قاتتىق ماتانەتلىك ئىرادە، سەۋرە، چىدامنى تەلەپ قىلىدۇ.

# مارۇسە

ئاركادى گايدار ( سوۋېت ئىتتىپاقى )

( كىچىك ھىكايە )

قىزىل ئارمىيە فورمىسىدا كېيىنگەن ئىشپىيون پاتقاقلىقتىن ئۆتۈپ، يولغا چىقتى. يول بو- يىدىكى گۈلزارلىقتىن بوتا كوزلۇك بىر قىز گۈل ئۈزۈۋاتاتتى. قىز ئۇنى كۆرۈپ، گۈلدەستىسى- نىڭ ئېگىز - پەسلىگىنى تەكشىلەش ئۈچۈن قەلەمتۇراچ سورىدى. ئۇ قەلەمتۇراچنى بېرىۋېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ۋە سوۋېت كىشىلىرىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا سورىدىدە، زەھەرلىك كۈلكە ئەتكەن شاتلىقى بىلەن قانداقتۇ بىر ئاھاڭنى كۈيلەپ غىڭشىشقا باشلىدى.

— نېمىشكە گەپ قىلمايسەن؟ - دەپ سورىدى ئۇ قىزدىن ھەيران بولۇپ.

— ئېتىم مارۇسە، لېتنانت يېگۇروۋپنىڭ قىزى. بۇ گۈلدەستىنى ئاتامغا ئەپكىتىپ بارىمەن.

ئۇ، زوق بىلەن گۈلدەستىنى رەتلىدى، كوزلىرىدە بولسا تەشۋىشلىك تەبەسسۇم نۇرى پە- لىلدايتتى، ئىشپىيون قەلەمتۇراچنى يانچۇقىغا سېلىپ، ھېچنىمە دېمەستىن يۈرۈپ كەتتى.

مارۇسە چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ شتابىغا كىلىپ مۇنداق دىدى:

— مەن بىر " قىزىل ئەسكەر " نى ئۇچراتتىم ۋە ئۇنىڭ كۈلكە ئارىلاش قىياپەتتە قورۇ- لۇشلىرىمىزنى مەسخىرە قىلغان ناخشىسىنى ئاڭلىدىم.

بۇنى ئاڭلاپ كاماندىرنىڭ قاشلىرى چىمىرلاپ، دوژۇرنىنى چاقىردى. ئۇنىڭغا قىسىملارنى ئېلىپ، ھېلىقى " خۇشخۇي " ئادەمنى قوغلاپ تۇتۇشقا بۇيرۇق بەردى.

ئۇلار چەبدەسلىك بىلەن يۈرۈپ كەتتى. مارۇسە سۆيۈملۈك ئاتىسىنىڭ قەۋرىسى جايلاشقان يەرگە يېتىپ كەلدى. چۈنكى ئاتىسى تۈنۈگۈن چېگرىنى بۇزۇپ ئۆتكۈچى بىلەن بولغان توقۇنۇش- تا قۇربان بولغان ئىدى.

رۇسچىدىن: ئابدىرىشىت سەلەي تەرجىمىسى

# ئېخ، سۈيۈملۈك ھېيتكا مۇنارى

( نەسىر )

ئەنۋەر ئىسمايىل

مەن ھەر قېتىم ھېيتكادىن ئۆتكەندە ، نامى جاھانغا مەشھۇر ، سەلتەنەتلىك ھېيتكا مۇنارىغا زوق بىلەن قارايمەن ، يۈرىگىمدە چەكسىز ئىپتىخار ، قەلبىمدە چوڭقۇر مۇھەببەت قوزغۇلۇپ ، ئەجداتلىرىمغا بولغان ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

ئېخ ، سۈيۈملۈك ھېيتكا مۇنارى!

سەن باتۇر ـ ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ، سەن يۇرتۇمنىڭ غۇرۇرى ـ ئىپتىخارى . سەن مىللى بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش سەنئىتىنىڭ سەمۇول خاراكتېرلىك نامايەندىسى ، سەن قەدىمى شەھەر قەشقەرنىڭ ئۆتمۈش ۋە بۈگۈنىنىڭ تارىخى گۇۋاچىسى.

ئېخ ، سۈيۈملۈك ھېيتكا مۇنارى!
ئېيتقىنا ، يادىڭدىمۇ ئەشۇ ئۆتمۈش جۇدۇنلۇق كۈنلەر؟!
يادىڭدىمۇ ، يۈرىگى زۇلۇم دەردىدە ئۆرتەنگەن جاپاكەش خەلق ۋە قاراڭغۇ تۈنلەر؟!
يادىڭدىمۇ ، ھەسرەتتىن تۆككەن دەرياسىغا جور بولۇپ ئاققان قان ـ ياش؟!
يادىڭدىمۇ غېرىپ ۋەيرانە شەھەر كوچىلىرىدىكى ئەلەملىك ئىڭراش؟!
يادىڭدىمۇ ، خەلقىنىڭ زۇلۇم ـ زورلاۋانلىققا قارشى ئېلىپ بارغان سان ـ ساناقسىز نامايىش ـ كۆرەشلىرى؟!

يادىڭدىمۇ ، خەلقىنىڭ باھادىر پەرزەنتى ، ئىپتىخارى ، نوزۇگۇم ، تاشۋايىلارنىڭ مېھنەتكەشلەرنى ئىتتىپاقلىشىپ جاھالەت دۇنياسىنى گۇمران قىلىشقا ئۈندەشلىرى ؟!...

ئۇ چاغلار يوقسۇلغا تار بولغان جاھان،
ئىلان ـ چايانلار ، قانخور جاللاتلار سۈرەتتى دەۋران.

ئۇ چاغلار سېنىڭ جاپاكەش خەلققە ئوخشاش بويىنۇڭ قىسىلغان ، قەددىڭ پۈكۈلگەن ئىدى .

كۆرمىگەن ئىدىڭ ئالەمدىن قىلچىلىك خۇشلۇق ، مۈڭلىنىپ كۆزلىرىڭدىن ھەسرەت يېشى توكۈلگەن ئىدى ۋە لېكىن ئۈمىتۋار ئىدىڭ . كۈتەتتىڭ تاڭنى ، بۇلبۇلنى ـ گۈلنى!

يىللار ئۆتتى ، ئۆتتى ئەسىرلەر ، تاڭ خورازى ئويغاتتى خورلانغان جەمى بوقسۇلنى!

سېنىڭ سەۋىر قاچاڭ يېرىلىپ ، ئېلىپ قوش بېسىلىق زۇلپىخارىڭنى ، جاھالەتكە قارشى تاشلاندىڭ ! ئىنتىلىپ ھور زامانغا ، يېڭى دۇنيا قۇرۇش ئۈچۈن ئاتلاندىڭ!

تاڭ ئاتتى !

مۇقەددەس نۇرلۇق تاڭ ئاتتى، نەچچە مىڭ يىللىق زۇلۇم – جاھالەت دۇنياسى پاچاقلاپ تاشلاندى. نۇرلۇق يېڭى ھاياتىڭ باشلاندى.

ئېخ، سۆيۈملۈك ھېيتكا مۇنارى!

شۇندىن ئېتىۋارەن يېڭى ھاياتقا ئېرىشتىڭ. ۋەتەن، خەلق ساڭا يېڭى ھايات، يېڭى كۈچ-قۇدرەت بەخش ئەتتى.

سېنى مەڭگۈ ساقلىنىدىغان ۋە قوغدىلىدىغان مەدەنىي – يادىكارلىقلار قاتارىدا ساناپ، قەدرىڭگە يەتتى. سەن يېڭى ھاياتىڭ، بەختىيار دەۋرىڭ پەيزىنى سۈردۈڭ.

قوز بەختىڭدىن شاتلىنىپ كۈلدىڭ!...

بىراق، باھار كۈنلىرى ئۈشتۈمتۇت قۇيۇنلارنىڭ كۆتۈرۈلىشىدىن خالى بولمىغىنىدەك، ۋەتەن ئاسمىنىدىمۇ ئۈشتۈمتۇت قارا قۇيۇن كۆتۈرۈلدى. ۋەتەن، خەلقىمگە بالايى ئاپەت كەلتۈرگەن "4 كىشىلىك گۇرۇھ" ۋەتەن باھارىنى خازان قىلماقچى، سۈباتلىق بەستىڭنى ۋەيران قىلماقچى بولدى. ساڭا "خۇراپات زەنجىرى"، "ئاسارەت تارقاتقۇچى مەنبە"، "يوقلۇقنىڭ سەۋۋولى" دېگەندەك توھمەتلەرنى توقۇدى. ئەشۇ چاغ ۋەتەن خەلقىم بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈنلەر سېنىڭ بېشىڭغىمۇ چۈشكەن ئىدى،

قارا قىش قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ، باھار شامىلى سۈرىدۇ زېمىستاننى، تۈن ھەر قانچە قاراڭغۇ بولسىمۇ، تاڭ ئاتىدۇ، قوياش يورىتىدۇ جاھاننى.

ۋەتەن – خەلق "4 نىجىس" نى تار مار قىلىپ، ساڭا قايتا ھايات بەخش ئەتتى.

ئۈستۈڭگە توقۇلغان توھمەتلەرنى ئاغدۇرۇپ، ساڭا ھەقىقەت نۇرىنى سەپتى.

سەن ۋەتەن گۈلزارىنى، ئەل بەختىنى، گېگانت قەددىڭنى چېيلىمەكچى بولغان ھازازۇللارنىڭ تەقدىرىنى ئۆز كوزۇڭ بىلەن كوردۇڭ.

بەخت – تالىيىڭدىن شاتلىنىپ كۈلدۈڭ!

ئېخ، سۆيۈملۈك ھېيتكا مۇنارى!

ئېيتقىنا، نېمە ئۈچۈن "4 نىجىس" زەپەردەس بەستىڭدىن شۇنچە قورقىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن گېگانت قەددىڭنى چېيلىمەكچى بولدۇ؟ ساڭا ئاز بولمىغان توھمەتلەرنى توقۇيدۇ؟

چۈنكى سەن ئەلنىڭ ئىپتىخارى، خەلقنىڭ تاۋاپكارى، گۈزەل دىيارىمىزنى ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن چەتئەللىك ئەرباپلار، دوستلار، ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلاردىن قايسى بىرى سېنىڭ ئەيۋەر بەستىڭگە نەزەر سالمىغان، ساڭا زوق – ھەۋەس بىلەن قارىمىغان؟...

ئېخ، سۆيۈملۈك ھېيتكار مۇنارى!

ئۇيغۇر خەلقى خوش تەبىئەتلىك، باتۇر ئەمگەكچان خەلق!

ناخشا ئېيتىش، ئۇسۇل ئويناش، خۇشۋاقلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى.

ئۇلار ھەر يىلى ھېيت – بايراملارنى سېنىڭ ئالدىڭدا ناغرا – سۇنايلارنى چېلىپ، ساما سېلىپ، خوشال – خورام ئۆتكۈزىدۇ.

ئەنە شۇنداق خاسىيەتلىك چاغلاردا گۈزەل باھارىڭنى، ئاجايىپ كېلىشكەن ھۆسنى – جامالىڭنى ئوبرازلىق شېئىرى تىللار بىلەن تەسۋىرلىگىم كېلىدۇ. ئەمما بۇ ئاجىز تىلىم، ئاجىز قەلىمىم سېنى قانداقمۇ تەسۋىرلەپ بېرەلىسۇن؟

ئېخ، سۆيۈملۈك ھېيتكا مۇنارى!

سەن مۇقەددەس ۋەتەن قۇچىقىدا مەڭگۈ قەد كۆتىرىپ تۇرىسەن، ۋەتەن كېلىچەكىگە نەزەر سالغىنىڭدا شاتلىنىپ كۈلىسەن!

# كاككۇك بىلەن زەينەپ

( ئۇيغۇر خەلق داستانى[1] )

ئۇچار قۇشلار توغرىسىدىكى داستانلاردىن «كاككۇك بىلەن زەينەپ» — ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئۆتۈپ يۈرگەن مىراسلارنىڭ بىرى. بۇ داستاندا ئاساسەن كاككۇك بىلەن زەينەپتىن ئىبارەت بىر جۈپ جانىۋارنىڭ پاجىئەلىك مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى ئارقىلىق ۋاپاسىزلىقنىڭ پاك مۇھەببەت ئالدىدىكى رەزىللىكى ئېچىپ تاشلىنىدۇ، كاككۇك بىلەن زەينەپنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىدىن خالايىقنىڭ ئىبرەت ئېلىشى لازىملىقى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. داستاننىڭ تىلى راۋان، چۈشىنىشلىك، بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا داستان بەلگىلىك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

«كاككۇك بىلەن زەينەپ» داستانىنىڭ قاچان، قەيەردە كىم تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس، باشقا ۋارىيانتلىرىنىڭ بولۇشى مۇمكىن. ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا پەيزىۋات ناھىيە پەيزىۋات كۆكشىپىسى قۇمشېرىق دادۇيىدىن مەرھۇم قۇربان غوجىنىڭ ھىجرىيە 1323 - يىلى يېزىپ قالدۇرغان قول يازما خاتىرىسى ئاساس قىلىندى. خاتىرىنى مەرھۇمنىڭ ئوغلى مەھمۇت قۇربان تەۋەرۈك سۈپىتىدە ساقلاپ كەلگەن. يولداش ئومەرجان ئوسمانى پىشقەدەملەردىن ئاڭلىغانلىرى ۋەقولىدىكى توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا رەتلەپ چىققان. بۇ داستاننىڭ تولۇق تېكىستى( ئەسلى نۇسخىسى ) ياكى باشقا ۋارىيانتلىرىدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ تولۇقلاپ كېتىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

— تەھرىردىن

زامانى ئەۋۋەلدىن ھازىرغىچە، ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا رىۋايەت يەتكۈزگۈچىنىڭ نىسبەتەم قۇشلىرى تەپەككۇر ئاسمىنىدا جەۋلان قىلدى. ئۇ قۇشلار ئارىسىدا شۇنداق بىرجۈپ جانىۋارنى كۆردىكى ئۇلارنىڭ شەنىگە بۇ نەزمىنى ئوقىدى:

ئاسمان بىلەن زېمىننى،
يارىتىپسەن خالىقا.
ئاينى كۈننىڭ نۇرىغا،
قارىتىپسەن خالىقا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىھىش بىلەن دوۋزەخنى،
جۈپ ياراتتىڭ خالىقا.
ھەر قايسىنىڭ لايىغى①
ئەل قاراتتىڭ خالىقا.

پەزلىڭ بىلەن يۈسۈپكە②
مەشۇق بولغان خالىقا.
زۇلەيخانى يۈسۈپكە،
ئاشىق قىلغان خالىقا.

ھەسەن بىلەن ھۈسەننى③
تەڭ ياراتقان خالىقا.
شوھرىتىنى ئالەمگە،
كەڭ تاراتقان خالىقا.

غېرىپ بىلەن سەنەمنى،
شەيدا قىلغان خالىقا.
گۈللەر ئارا ياۋا تىكەن،
پەيدا قىلغان خالىقا.

شىرىن ئۈچۈن پەرھاتنى،
تاغ چاپتۇرغان خالىقا.
مۇھەببەتنىڭ كۆلىدىن،
سۇ ئاقتۇرغان خالىقا.

ئاپىرىدە قىلىپسەن،
بىر جۈپ قۇشنى خالىقا.
بىر ـ بىرىگە چىن ئاشىق،
مەس ـ بىھوشنى خالىقا.

كاككۇك بىلەن زەينەپنى،
بىر جۈپ ئەتتىڭ خالىقا.
ۋىسال مېيى ئىچكۈزمەي،
ئاپىرىۋەتتىڭ خالىقا.

خالىقول ۋۇجۇت ياراتقان ھەر قانداق نەر-
سە مەيلى تىللىق ـ تىلسىز بولسۇن جۈپتىسىز
يارىتىلغان ئەمەستۇر. شول قاتاردا ئۇزئارا
ھەمنىشىن قىلىش ئۈچۈن شۇنداق بىرجۈپ قۇش
يارىتۇپتۇركى ئۇلار روزمىساقتىن دەۋرىل قى-
يامەتكىچە بىر ـ بىرسىنىڭ ۋەسلى دىدارىغا
مۇيەسسەر بولالماي باغرى كاۋاپ، ھالى خا ـ
راپ ھالەتتە ئۆتەرمىش. بۇ قۇشلار بولسىمۇ
جۇملە ماكان، ئەھلى جاھانغا ئاشكارە بولغان
كاككۇك بىلەن زەينەپتۇر.

ئەلقىسە كاككۇك بىلەن زەينەپ بىر ـ بى ـ
رىگە ئاشىق بىقارار بولغانلىرىدىن كېيىن،
بىرەر ماكانغا ئىگە بولۇپ، مەتلۇپى ھاسىلى
ئۈچۈن ئانچىنان جىددى جەھەت قىلدىلەركى،
ئەكسىچە ۋەقەلەر روي بېرىپ بىر يەردە بو ـ
لالمىدى. ھالبۇكى كاككۇك بىلەن زەينەپنىڭ
خىيال شاخلىرىغا يېڭى بىر ئارزۇ ـ تىلەكنىڭ
ئوتلىرى تۇتاشتى. يىراق جاڭگاللغا كېتىپ،
بۇك ـ باراقسان ئورمانلار ئارىسىدا كەڭ ـ
كۇشادە يايلاپ ئۇگا سېلىش ( بىر ماكانغا ئى-
گە بولۇش) غەرىزىگە كەلدى.

ئۇلارنىڭ مەنزىلگاھىدا بىر دەريائى ئە ـ
زىم بار ئىدى. ئۇنىڭدىن ئۆتۈش بىناھايەت
قىيىن ئىدىكى، ئانچىنان قۇشلار ئۇچۇپ ئو ـ
تەلمەي سۇغا غەرق بولۇپ كەتكەن ئىدى.كاك-
كۇك بىلەن زەينەپ دەريا بويىغا كېلىپ، كوز
ئالدىدا كوز يەتكۈسىز سۇنىڭ ئالدىنى توساپ
تۇرغانلىغىنى كوردى. بۇ يەردە ئارامى خۇدا
دەم ئېلىپ، قوساقلىرىنى توقلاپ، بىرلا قاڭ ـ
قىغان پېتى دەريائى ئەزىمدىن ئوتۇپ كەت ـ
مەكچى بولدى. شۇ مەقسەتتە دانلاپ يۈرۈپ

---

① ھەر قايسىسىغا ئۇز لايىقىدا مەنىسىدە
② يۈسۈپ ـ ۋسۈپ ـ زولەيخا قىسسىسىدىكى
قەھرىمان ( پ رسۇناژ )
③ ھەسەن ـ ھۈسەن ـ ھەزرىتى ئېلىنىڭ ئوغۇل-
لىرى. ئەرەپ دۇنياسىدا مەشھۇر شاھزادىلەر

ئىككىسى ئادىشىپ كەتتى.

زەينەپنىڭ ئالدىغا رەڭگا-رەڭزەرباپ تون
سېروپاي كەيگەن بىر مەخلۇق - پاقاجان ئۇچ-
راپ قالدى. زەينەپنىڭ كوڭلى شۇ ئاندا كاك-
كۇكتىن ناشايەستە بولۇپ، پاقىغا مايىل بو -
لۇپ قالدى. زەينەپنىڭ خۇشرۇي ھالىتىنى كور-
گەن پاقا قەددى - قامىتىنى تۇزەپ كۇكىرد -
غان ئىدى، بۇ ھەيۋەتلىك سادادىن كوڭلى
سۇيۇنگەن زەينەپ بىھۇش بولۇپ يىقىلدى.

بۇ ۋەقەدىن بىخەۋەر كاككۇك "ئەندى ۋا -
قىت يەتتى، يەنە قوساق ئاچقىچە دەريانىڭ
ئىككىنچى تەرىپىگە ئۇتەۋالايلى » دىگەن ئوي
بىلەن پەرۋاز ئەيلىدى ۋە دەريادىن ئۇتۇشكە
يۇزلەندى، ئارقىسىغا قارىسا زەينەپ يوق.

"قوساق تويغۇزۇۋاتقان ئوخشايدۇ، ئارقامدىن
يېتىپ كېلەر » دەپ ئۇچۇشنى داۋاملاشتۇ -
رۇۋەردى. دەريانىڭ ئۇچتىن ئىككى قىسمىدىن
ئوتۇپ، ئارقىسىغا قارىسا تېخىچە زەينەپتىن
ئەسەر يوق، ياناي دىسە دەريائى ئەزدىگە غەرق
بولۇپ كېتىدۇ. ياناي دىسە، جۇپتى نىگارد -
نىڭ ھېلىغىچە كورۇنمەيۋاتقانلىغىدىن كوڭلى
يېرىم بولىدۇ. ئارىسالدا بولۇپ تۇرۇشىنىڭ
ۋاقتى ئەمەسلىگىنى بىلگەن كاككۇك: " خەير،
قوساق تويغۇزۇش، ئارام ئېلىش بىلەن بەنت
بولغان بولساڭ يېتىپ كېلەرسەن، بىرەر كە -
لمشەسلىككە يولۇققان بولساڭ مەندىن رازى
بولغىن، مۇبادا ناپىسەنت ئىشلارغا مەشغۇل
بولۇپ قالغان بولساڭ دەۋايىمىز قىيامەتكەبا-
قى قالسۇن » دەپ يولىنى داۋام قىلدى.

ھىممەت كەمرىنى باغلىغان كاككۇك كۇچقا -
كۇچ ئۇلاپ شۇنداق تېز ئۇچتىكى، ماغدۇر -
سىزلىنىپ ھۇشىدىن كېتىشكە ئاز قالدى. قاش
قارايغان چاغدا دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئاران
دىگەندە ئوتۈپ قوندى. ئىلتىپاتئىلاھىغا شۇك-
رى بىناھەيەت بىجا كەلتۈردى.

ئەندى سازلىق بويىدا بىھۇش يېتىپ قال -
غان زەينەپنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، زەينەپ
ھۇشىغا كېلىپ ئەتراپىغا قارىسا كاككۇكتىن نا-
مۇ - نىشان كورۇنمەيدۇ. پاقاجان تېخى يوق.
خىيالەت دەشتىدە كېزىپ، خىيانەت شارابىنى
ئىچىشكە ئىنتىلگەن زەينەپ، كوزلىرىنى شۇند -
داق ئاچقان ئىدى، كاككۇكنىڭ شاھانە قىيا -
پىتى كوزىگە كورۇنگەندەك بولدى. " ئاھ! »
دىدى يەنە بىھۇش بولدى. زەينەپنىڭ بۇ ئەھ-
ۋالىغا سېسىق لەشنىڭ ( جاماكانىڭ ) ئارد -
سىدا نەزەر سېلىپ تۇرغان پاقاجان شۇنىسەز-
دىكى: زەينەپنىڭ خىيالى بىر جايدا ئەمەس
ئىكەن، بۇنداق ئۇژمە كوڭۇل، كورسەم خۇما-
رى مەلئۇندىن نىمە پايدا تاپىمەن، ئۇنىڭ
ئويلىغىنى نىمە بولسا شۇنى قىلسۇن ، دەپ
" كۇرر!... » قىلغىنىچە سېسىق سۇغا كىرىپ
كەتتى. يەنە بىر هازادىن كېيىن زەينەپ ھۇ-
شىغا كېلىپ قارىسا ئالدىدا نە كاككۇك، نەپا-
قا كورۇنگەي. بۇ ئەھۋالدا قالغان زەينەپ
ئوز - ئوزىگە: "مەن نىمە بولدۇم، نىمە ئىش -
لارنى كورۇۋاتىمەن، مەن ياخشى كورۇپ قال -
غان ھېلىقى شاھزادە ( پاقا ) قېنى؟ مېنى تاش-
لاپ قەيەرگە كەتتى؟ ھەي! چىرايلىق - چىد -
رايلىق ئەمەس، سۇيگەن چىرايلىق دىگەن شۇ
ئىكەن- دە!مەنئەسلى ۋاپادارىنى تاپاي» دى-
دى - دە، قانات قاقتى، ئاسمانغا پەرۋاز قى -
لىپ كوردىكى ھېچ نەدە كاككۇك كورۇنمىدى .
بارلىق چول باياۋان، تاغۇ - دەشت، باغ -
ۋارانلارنى ئىزدەپ ئۇچتى، كاككۇكنى تاپال -
مىدى. بارغانلا يېرىدە " كاككۇك ! كاككۇك!
كاككۇك! » دەپ چاقىرىپ هالىدىن كەتتى.يە-
نە دەرمان تېپىپ يەنە ئىزلىدى. زەينەپنىڭ
بۇ ئەھۋالىغا بېقىپ رىۋايەت قىلغۇچى بۇنەز-
مىنى ئوقىدي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كاككۇك بىلەن زەينەپنى،
بىر جۈپ قىلغان خالىقا.
زەينەپ مەنىلىك قىلغاچقا،
تەنها قويغان خالىقا.

كوڭۇل بەرگەچ باشقىغا،
كۈكۈرىماچ پاقىغا.
ئالا نىيەت بولغاچقا،
رەسۋا قىلغان خالىقا.

ئۈمىت كۈتكەچ باشقىدىن،
زەي سۈدىكى پاقىدىن،
غورىلايغا جۈپ قىلىپ،
سەۋدا قىلغان خالىقا.

ئەلقىسسە، زەينەپ بىئارامىلىق ھىس قىلىپ تورت بۇرجەك، سەككىز قىرغاق ھەممە ياقنى ئايلىنىپ، كاككۇكنىڭ دىدارىنى كورەلمىگەندىن كېيىن يەنە ھېلىقى سازلىققا كەلدى ۋە قاھ-قاھ سېلىپ كۈلدى، بۇ چاغدا سېسىق لەش ئىچىدىن پاقا چىقتى. زەينەپكە مىزەمەت① نەزىرى بىلەن قاراپ زۇۋانغا كىردى — دە، زەينەپ بىلەن سوزلەشتى.

پاقا:

ئوزى گۈزەل، كوڭلى پەس،
دانلار يېرى ئوتو — خەس.
كۈنۈك بوپتۇ ئەجەپ تەس،
ئەيت دەردىڭنى مەن ئاڭلاي.

زەينەپ:

ھورو — غۇلمان پېرى مەن،
غەم — غۇسسىدىن نېرى مەن،
گۈزەللەرنىڭ بىرى مەن،
قاچتىڭ نىچۇن؟ ئەيت ئاڭلاي.

پاقا:

بىر كورۇپلا بەنت بولدۇم،
ساڭا ئارزۇ مەن بولدۇم.
سەن ئىككى خىيال بولدۇڭ،
راست ئەمەسمۇ؟ ئەيت ئاڭلاي.

زەينەپ:

بىر ناتىۋان قۇش ئىدىم،
شۇ چاغ راست بىھۇش ئىدىم.
دەردىڭدە خامۇش ئىدىم،
ئىشەندىڭمۇ ئەيت ئاڭلاي.

پاقا:

بىلدىم، سوزى يالغانسەن،
ئوز يارىڭدىن تانغانسەن،
خىيانەتكە ماڭغانسەن؟
كەچتىم سەندىن تاز ماڭلاي...

ئەلقىسسە، پاقا شۇ جاۋاپنى بەردى-دە، "كۇرر!..." قىلىپ يەنە سۇغا شۇڭغۇپ كەتتى. زەينەپكە ئەلەم يەتتى، ئىچىدىن لەختە-لەختە خۇن كەتتى.

كاككۇكقا قىلغان بىۋاپالىقىغا پۇشايمان قىلغان زەينەپ نائىلاج يەنە يولغا راۋان بولدى. دەريائى ئەزىم بويىغا بېرىپ ئوتمەكچى بولدى. شەھۋانى كوڭۇل ئارقىسىغا كىرىپ تارتقان رىيازەتلىرى تۈپەيلى تېنى ئاجىزلاپ كەتكەن زەينەپنىڭ بۇ كاتتا سۇ ئۈستىدىن سالامەت ئوتۈشكە كوزى يەتمىدى. سۇ ياقىسىدا نائۈمىت بولۇپ تۇرغىنىدا غورىلاي كېلىپ قالدى. شۇ ھامان ئوزىنى تۈزەشتۈرۈپ غورىلاينىڭ كوڭلىنى ئوتۈشقا ئىنتىلگەن زەينەپ يۈز مىڭ خىل ناز — كىرەشمىسىنى ئىشقا

① مىزەمەت — مەسخىرە، زاڭلىق، مەنسىتمەسلىك

سىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن زەينەپ غورىلاينىڭ جۈپتى بولۇشقا مۇيەسسەر بولدى① تۇخۇم چىقىرىپ بالىلىق بولۇپ كۈن كەچۈرۈشكە باشلىدى، لېكىن ئۇژمە كوكۈل، جىگدە راۋاپ زەينەپ غورىلاي ھوزۇرىدا راھەت-پاراغەت ئۈستىدە بولسىمۇ، كاككۇكنىڭ ئىشقى پىراقىدا يوشۇرۇن كويۈپ، ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىناتتى. غورىلاي: « زەينەپنىڭ باشقىچە خىيالى بارغۇ؟...» دەپ گۇمان بىلەن قاراپ تۈن بويى بىدار تۇرۇشقا تىرىشاتتى. زەينەپمۇ ھەر خىل جىلۋىلەر بىلەن غورىلاينى بەزلەپ ئۇخلىتىپ قوياتتى. ئەيتىشلارغا قارىغاندا زەينەپنىڭ «كاككۇك! كاككۇك! كاككۇك!...» دەپ ئۇزمەي قىچقىرىشى، بىرى، غورىلاينى بەزلەپ ئۇخلىتىپ قويغان چېغىدا، يەنە بىرى، كۈندۈزلىرى غورىلاي دان ئىزدەپ كەتكەندە يالغۇز قالغاندا بولار ئىمىش. زەينەپ ھەر قېتىم «كاككۇك!» دەپ چاقىرغاندا شۇنداق ئازاپ تارتارمىشكى، ئاغزىدىن لەختە-لەختە خۇن توكۇلەرمىش، جاۋاپ-سادا چىقمىغاندىن كېيىن ھىچنىمىنى سەزمەي بىھوش بولۇپ كىتەرمىش.

رىۋايەت قىلغۇچى زەينەپنىڭ ئەنە شۇنداق دىشۋارچىلىقتا ئوتىۋاتقان ئاقىۋىتىنى تۆۋەندىكى قوشاقلار بىلەن موختىسەر قىلغان ئىكەن:

كاككۇك ئىشقىدا زەينەپ،
سايرايسەن تاغۇ - تاشتا.
جۈپتۈڭدىن قۇرۇق قالدىڭ،
قىلماستىن تۇرۇپ ناشتا.

ئوزۇڭنى تولا داڭلاپ،
پاقىغا ئېزىپ قويدۇڭ.
ۋەدەڭگە ۋاپا قىلماي،
زور گۇنا قىلىپ قويدۇڭ.

نەمىلەر كورۇنگەندۇر،
پاقىلار قارا ساستا.
بۇ يەڭلىغ بولاشىڭنى،
ئويلىغانمىدىڭ باشتا؟

كاككۇك! كاككۇك! كاككۇك! - دەپ،
ناله قىلساڭ پىراقتا؟
كورەلمەيسەن كاككۇكنى،
كوزۈڭ يەتمەس يىراققا.

بىر ئۇگا بولاي دىسەڭ،
كاككۇكنى تاپالمايسەن.
قان-زەرداپ يۇتۇپ مەڭگۇ،
قوينىدا ياتالمايسەن.

كاككۇك! - دىسەڭ ئىچىڭدىن،
چىقار سىېسىق بوش - ھاۋا.
غورىلايمۇ دەردىڭگە،
بولالمىدى دال - داۋا.

ئەندى زەينەپ سەن ئۈچۈن،
ۋەسلى دىدار قىيامەت.
ساڭا كاككۇك قارامدو،
قىلغان تۇرساڭ خىيانەت؟!

ئاشىق - مەشۇق دىگەننى،
ئايرىيالماس مۇشەققەت.
دەپى - دۇنيا، چىرايى ھەم،
ئازدۇرالماس تا ئەبەت.

ۋاپاسىزلىق لېيىغا،
باشتىن-ئاياغ پېتىپسەن.
ئوز - ئوزۇڭگە مەڭگۇلۇك،
بىداۋا دەرت تېپىپسەن.

مۇھەببەتتۇر نۇر چىراغ،
ۋاپا ئۇنىڭ يېغىدۇر.
بىۋاپالىق كوڭۇلنىڭ،
ھەرگىز ئوچمەس دېغىدۇر.

× ×

ۋاپاسىزلىق ئىنساننىڭ.
خىسلىتىگە نالايىق.
كاككۇك بىلەن زەينەپتىن،
ئىبرەت ئېلىڭ خالايىق.

توپلاپ، رەتلىگۈچى: ئومەرجان ئوسمانى

① دېمەك بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە زەينەپنىڭ تورولغا بىلەن جۈپلاشقانلىقى سوزلىنىدۇ. زەينەپ تۇخۇم تۇغسىمۇ، ئىشقى بالاسىدىن تۇخۇمنى بېسىپ ياتالماسمىش، تۇخۇمنى تورولغا بېسىپ بالا چىقىرارمىش

www.uyghurkitap.com
Altun0q



## قىزغىن ياردەم بېرىش


پېشقەدەم شائىر نۇر
مۇھەممەت ئېركى ھايات
چېغىدا ياش ھەۋەسكارلار،
تىل ئۆگەنگۈچىلەرگە
قىزغىن ياردەم بېرەتتى.

سۈرەتنى تۇردىمەت
نىياز تارتقان



## تازىلاش

سۈرەتنى كۆرەش ياقۇپ تارتقان




قەشقەر ئەدەبىياتى (13 - يىل نەشرى)

1984- يىل 3- سان (ئىككى ئايدا بىر چىقىدۇ)

---

نەشرى: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت -
چىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى ۋاكالىتەن ساتىدۇ
فورماتى: 1092 × 787 م م، 1/16، 8 تاۋاق
پارچە سېتىلىش باھاسى: 35 فۇڭ، ژۇرنال نومۇرى 62—58
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىيات تىجارەت
ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تىزىم نومۇرى: 041

---

《喀什噶尔文学》（双月刊）

1984 年 第 三 期

编辑：《喀什噶尔文学》编辑部
喀什地区文联
印刷：《喀什日报》印刷厂
订阅：全国各地邮电局（所）
代售：各地邮电局及新华书店
开本：1092×787MM1/16，8 印张
代号：58—62　单价：0.35 元
新疆维吾尔自治区期刊登证 041 号